



لوپنۇرى ئېلكىتابلىرى

http://www.lopnuri.com





# كروران

## يىنوئۇئې ياساشى (ياپونىيە)

غالىپ ھەسەن تەرجىمىسى

**مۇھەررىردىن:** يىنوئۇئې ياساشى (1907 — ) ياپونىيىنىڭ ھازىرقى زامان داڭلىق يازغۇچىسى، ياپونىيە سەنئەت ئاكادېمىيىسىنىڭ ئاكادېمىكى، 1976-يىلى ياپونىيە ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن مەدەنىيەت ئوردېنىغا ئېرىشكەن.

1949-يىلى «كالا بىلەن ئېلىشىش» ناملىق پوۋېستى ئېلان قىلىنىپ، «ئاكۇتاگاۋا مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ياپونىيە ئەدەبىيات ساھەسىدىكى ئورنى تىكلەنگەن. يىنوئۇئې ياساشىنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتىدە ھېكايە ۋە تارىخىي رومانلار ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدۇ، بولۇپمۇ جۇڭگونىڭ غەربىي يۇرت تارىخى تېما قىلىنغان ھېكايە، پوۋېست، رومانلىرى ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە. مەسىلەن: «دۇرخان (دۇنخۇاڭ)»، «كۆك بۆرە»، «غەربىي يۇرت خاتىرىسى»، «يات يۇرتلۇقلار»، «تەيپىڭ كاھىشى» قاتارلىقلار.

«كروران» ئۇ جۇڭگونىڭ غەربىي يۇرت تارىخى توغرىسىدا يازغان ئەسەرلىرىنىڭ بىرى. بۇ ئەسەردە خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت يىپەك يولىدىكى كروران دۆلىتىنىڭ گۈللىنىشى ۋە خاراب بولۇشى «خەننامە»، «جىننامە» قاتارلىق ئالاقىدار تارىخىي مەنبەلەر ئاساسىدا، ئاددىي ۋەقەلەر ۋە بەدىئىي تەسۋىرلەر ئارقىلىق ھېكايە قىلىنىدۇ.

### 1

بۇنىڭدىن ئۇزاق دەۋرلەر مۇقەددەم، غەربىي يۇرتتا كروران دەپ ئاتىلىدىغان بىر كىچىك دۆلەت بولغان. بۇ دۆلەت مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 120 — 130-يىللىرىدىكى ياپون تارىخىدا خاتىرىلەنگەن، ۋەھالەنكى ئۇنىڭ نامى مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 77-يىلى تارىختىن ئۆچۈپ كەتكەن. ياپون تارىخىدا يېزىلىشىچە كروران دۆلىتى ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ ئەللىك يىللىق تارىخقا ئىگە. ھازىردىن باشلاپ ھېسابلىغاندىمۇ ئۇنىڭغا ئىككى مىڭ يىل بولدى.

كرورانىنى ئەڭ دەسلەپتە خەن سۇلالىسى پادىشاھى خەن ۋۇدى غەربىي يۇرتقا ئەۋەتكەن ئەلچى، خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن بىلگىبەگ دەپ نام بېرىلگەن جاڭ چيەن خەن سۇلالىسىگە تونۇشتۇرغان. ئەينى ۋاقىتتىكى غەربىي يۇرت دائىرىسىنىڭ كۆپ قىسمى ھازىرقى شىنجاڭ رايونى ئىچىدە ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا جۇڭگونىڭ غەربىي شىمالىدىكى چەكسىز كەتكەن قۇملۇق دالا، ئۇزلار ياشايدىغان جاي ئىدى، يەنى ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونى

ئىدى. بۇ جاي شەرق مەدەنىيىتى بىلەن غەرب مەدەنىيىتىنىڭ ئالماشتۇرۇلۇشىدا كارد-دورلۇق رول ئوينىغان. مانا بۇ بىز دەپ كېلىۋاتقان كارۋانلار قاتناپ تۇرىدىغان يىپەك يولى ئىدى.

خەن ۋۇدى دەۋرىگە كەلگەنگە قەدەر، تېخى ھېچكىم بۇ قۇملۇق دالاغا قەدەم بېسىشقا جۈرئەت قىلالمىغانىدى. بۇ قۇملۇق دالىنىڭ قانچىلىك چوڭلۇقتا ئىكەنلىكىنى، قانچىلىك مىللەت ياشايدىغانلىقىنى، قانچە دۆلەت بارلىقىنى ھېچكىم بىلمەيتتى.

خەن ۋۇدىنىڭ جاڭ چيەننى غەربىي يۇرتقا ئەۋەتىشتىكى مەقسىتى بۇ سىرلىق قۇملۇق دىيارنىڭ سىرىنى بىلىش ئەمەس، بەلكى قۇملۇقنى ئۆتۈپ توخرىلار دەپ ئاتىلىدىغان بىر چوڭ دۆلەت بىلەن بىرلىشىش ئارقىلىق غايەت زور ئۇستۇنلۇكنى قولغا كەلتۈرۈپ، خەن سۇلالىسىگە تەھدىت سېلىپ كېلىۋاتقان ھونلارنى مەغلۇپ قىلىش ئىدى. خەن سۇلالىسى خەن ۋۇدى دەۋرىدىن باشلاپ ئەللىك نەچچە يىلدىن بۇيان مەلىكىلىرىنى ھونلارغا ياتلىق قىلىپ، پۇل، يىپەك رەختلەرنى ھەدىيە قىلىپ، قوۋۇق سودىسى قىلىشقا يول قويۇپ كەلگەن بولسىمۇ، ھونلار خەن سۇلالىسىگە تاجاۋۇز قىلىشتىن توختاپ قالمىغانىدى.

ئەينى ۋاقىتتا، جۇڭگو تارىخىدا ئۆتكەن پادىشاھلارنىڭ بىرىمۇ ھونلارنىڭ تاجاۋۇزىنى توسۇپ قالالمىغانىدى. ھونلار خەن سۇلالىسىنىڭ غەربىدىكى جايلاردا ئات چاپتۇرۇپ يۈرىدىغان، سىبىرىيىدىن ئوتتۇرا ئاسىياغىچە تارالغان تەبىئىتى ياۋۇز، ۋەھشىي ۋە زالىم، ئەمما چاققان ھەم چەبدەس كۆچمەن چارۋىچى مىللەت ئىدى. ئۇلار پۇرسەت تاپسىلا جەنۇبقا كېلىپ جۇڭگو چېگرىسىغا ھۇجۇم قىلاتتى. تەبىئىي ئاپەت بولمىغان يىللىرىمۇ خەن سۇلالىسى بىلەن ھونلار ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش بولۇپ تۇراتتى. ھونلار بىلەن بولغان ئۇرۇشلاردا خەن سۇلالىسى قوشۇنلىرى پۈتۈنلەي دېگۈدەك خوراپ تۈگىگەنىدى.

خەن سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى خەن ۋۇدى دەسلەپتە ھونلارغا جازا يۈرۈشى قىلغاندا، ھونلارنىڭ ئەسىرگە چۈشكەن قوشۇنلىرى ئىچىدىكى بىر نەچچە غوزنىڭ ئاغزىدىن «ھونلار توخرى دۆلىتىنى مەغلۇپ قىلغانلىقىنى، توخرى خاقانىنىڭ كاللىسىنى كېسىپ مەي قۇيۇپ ئىچكەنلىكىنى، توخرىلارنىڭ ھونلارغا بولغان غەزەپ-نەپرىتى قايناپ تاشقان بولسىمۇ، ھونلارغا بىرلىكتە زەربە بېرىدىغان ئىتتىپاقدىشى بولمىغاچقا، ناھايىتى قىيىن ئەھۋالدا قالغانلىق-نى» ئاڭلاپ، ھونلارغا قارشى ئۇرتاقلىشىپ ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن، توخرىلارغا ئەلچى ئەۋەتىش قارارىغا كېلىپ، ئەلچىلىككە جاڭ چيەننى تاللىدى. جاڭ چيەن ھونلارنىڭ بۇرۇن ئەسىرگە چۈشكەن قۇللىرىدىن يۈزدىن ئارتۇق كىشىنى باشلاپ مىلادىدىن بۇرۇنقى 139-يىلى لۇڭشى ۋىلايىتى (غەربىي گەنسۇ) دىن يولغا چىقىپ، غوزلار رايونىغا كىردى.

ئارىدىن ئون ئۈچ يىل ئۆتكەندىن كېيىن، جاڭ چيەن خەن سۇلالىسىگە قايتىپ كەلدى، ئۇنىڭ يۈزدىن ئارتۇق ھەمراھىدىن ئاران بىرىلا قايتىپ كېلەلىگەنىدى. جاڭ چيەن غەربىي يۇرتقا بېرىش سەپىرىدە ھونلارغا ئەسىرگە چۈشۈپ قېلىپ، ئون نەچچە يىلى بىكار ئۆتۈپ كەتكەنىدى. لېكىن جاڭ چيەن پۇرسەت تېپىپ قېچىپ چىقتى، ئاندىن قۇملۇقنى ئۆتۈپ مىڭبىر تەستە توخرى دۆلىتىگە بېرىپ پادىشاھ خەن ۋۇدى تاپشۇرغان ۋەزىپىنى ئورۇندىدى. جاڭ چيەن توخرى دۆلىتىدىن قايتىپ كېلىش يول ئۈستىدە يەنە ھونلارغا ئەسىرگە چۈشۈپ قالدى. بۇ قېتىم جاڭ چيەن ھونلارنىڭ ئىچكى قىسمىدا غەلىيان بولغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ يەنە قېچىپ چىقىپ، كۆرمىگەن جاپا-مۇشەققەتلەرنى تارتىپ ئاران دېگەندە خەن سۇلالىسىگە قايتىپ كېلەلىۋالدى.

يۈەنسۇنىڭ 5-يىلى (مىلادى 124-يىلى) جاڭ چيەن پايتەخت چاڭئەنگە قايتىپ كېلىپ، خەن ۋۇدىغا غەربىي يۇرتقا بېرىش سەپىرىدىكى سەرگۈزەشتىلىرى ۋە غەربىي يۇرتتىكى دۆلەت-لەرنىڭ ئىقلىمى، خەلقلىرى، ئۇلارنىڭ ئۆرپ-ئا-دەتلىرى، بايلىقى ۋە مەھسۇلاتلىرى قاتارلىقلارنى مەلۇم قىلدى.

ئەينى ۋاقىتتا، كرورەن چەرچەن، ئۇدۇن، ساكارا ئۇل (ساجا)، كىنگىت (قارا شەھەر)، چاقىپلەكتام (بۈگۈر)، كۇسەن، سۇلى قاتارلىق دۆلەتلەر قاتارىدا جۇڭگو تارىخىدىن ئورۇن

ئېلىشقا باشلىغانىدى. «خەننامە. غەربىي يۇرتلار تەزكىرىسى»دە ئەينى ۋاقىتتىكى غەربىي يۇرت توغرىسىدا مۇنداق قەيت قىلىنغان: غەربىي يۇرتتا دەسلەپتە ئوتتۇز دۆلەت بولغان، كېيىن بۇ دۆلەتلەر بۆلۈنۈپ ئەللىك نەچچە دۆلەت بارلىققا كەلگەن. ئۇلار ھونلارنىڭ غەربىي قىسمىدىكى ئۇسۇنلارنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان. جەنۇبىي ۋە شىمالىدىن تەڭرىتېغى، كۇئېنلۇن تاغ تىزمىلىرى كېسىپ ئۆتىدۇ، ئوتتۇرىسىدىن تارىم دەرياسى ئېقىپ ئۆتىدۇ. شەرقىي بىلەن غەربىنىڭ ئارىلىقى ئالتە مىڭ چاقىرىمدىن، جەنۇبىي بىلەن شىمالىنىڭ ئارىلىقى مىڭ چاقىرىمدىن ئاشىدۇ، شەرقتە قاشقۇۋۇق، ياڭگۇەن قوۋۇقى ئارقىلىق خەن سۇلالىسى بىلەن تۇتىشىدۇ، غەرب تەرىپى كۆكتارت (پامىر) ئېگىزلىكى بىلەن توسۇلۇپ تۇرىدۇ.

يىغىپ ئېيتقاندا، غەربىي يۇرت ھازىرقى تەڭرىتېغى، كۇئېنلۇن تېغى، كۆكتارت (پامىر) ئېگىزلىكىدىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ تاغ تىزمىسى بىلەن ئورالغان تارىم ئويمانلىقىدا بولۇپ، ئۇنىڭ مەركىزى تەكلىماكان قۇملۇقىنى شەكىللەندۈرگەن. بۇ قۇملۇقنىڭ ئەتراپىدا ئوخشاش بولمىغان تىللاردا سۆزلىشىدىغان، ئۆرپ-ئادەتلىرى، ئۆزگى بىر-بىرىگە ئوخشاشمايدىغان ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ كىچىك دۆلەتلىرى يۇلتۇزدەك تارالغانىدى. غەربىي يۇرت بىلەن جۇڭگو خەن ۋۇدىدىن بۇرۇنلا باردى-كەلدى قىلىپ كەلگەنىدى. بۇ پەقەت خەلقلەر ئوتتۇرىسىدىكى باردى-كەلدى مۇناسىۋەت بولۇپ، دۆلەت بىلەن دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى باردى-كەلدى خەن ۋۇدى دەۋرىگە كەلگەندىلا باشلانغانىدى.

قاشقۇۋۇق بىلەن ياڭگۇەن قوۋۇقىدىن چىقسىلا، چەكسىز كەتكەن قۇملۇق دالا كۆزگە تاشلىناتتى، بۇ قۇملۇقتىن ئۆتسىلا لوپنۇر كۆلى ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا، خەنزۇلار بۇ كۆلنى پىچان دېڭىزى ياكى تېنىما كۆل دەپ ئاتىشاتتى. ئىلگىرى لوپنۇر كۆلى ھازىرقى لوپنۇر كۆلىدىن قانچىلىك دەرىجىدە چوڭلۇقتا بولغىيتتىكىن؟ شۇ چاغدىكى لوپنۇر كۆلىنى كۆل دېمەي دېڭىز دېيىشمۇ ئارتۇق كەتمىسە كېرەك، ئۇ تۇز تەركىبى خېلى كۆپ غايەت زور سازلىق ئىدى.

لوپنۇر كۆلى قاشقۇۋۇق بىلەن ياڭگۇەن قوۋۇقىغا ئۈچيۈز نەچچە چاقىرىم كېلەتتى. تەكلىماكان قۇملۇقىدىكى ئەڭ چوڭ دەريا — تارىم دەرياسى مانا مۇشۇ كۆلگە قۇيۇلاتتى.

لوپنۇر كۆلىنىڭ غەربىي شىمال قىرغىقىدىن خەن سۇلالىسىگە ئەڭ يېقىن دۆلەت كىروران ئىدى. خەن سۇلالىسىدىن غەربىي يۇرتقا بارىدىغان يول ئالدى بىلەن كىرورانغا كەلگەندىن كېيىن ئىككى يولغا ئايرىلاتتى. بىرى، جەنۇبىي يول بولۇپ، كۇئېنلۇن ئېتىكىنى بويلاپ داۋاملىشاتتى؛ يەنە بىرى، شىمالىي يول بولۇپ، تەڭرىتاغ تىزمىسىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىنى بويلاپ غەربكە داۋاملىشاتتى. كىروراندىن چىققان جەنۇبىي يول چەرچەن، ئۇدۇن، ساكارئوك، سۇلى قاتارلىق دۆلەتلەردىن ئۆتۈپ، توخرى دۆلىتىگە باراتتى. شىمالىي يول قوش، كىنىگىت، چاقپىلەكتام، كۈسەن قاتارلىق دۆلەتلەردىن ئۆتۈپ، ئۇسۇن، پەرغانىگە باراتتى. شۇڭا، جۇڭگودىن غەربىي يۇرتقا بېرىشقا توغرا كەلسە، مەيلى جەنۇبىي يول بىلەن ياكى شىمالىي يول بىلەن بولسۇن، جەزمەن كىروراندىن ئۆتۈشكە توغرا كېلەتتى.

«خەننامە. غەربىي يۇرتلار تەزكىرىسى»دە، ھازىرقى پىشامشان دۆلىتى ئەسلىدىكى كىروران دۆلىتى، بۇ دۆلەتتە بىر مىڭ بەش يۈز يەتمىش تۈتۈن، ئون تۆت مىڭ بىر يۈز نوپۇس بار، بۇ سانلاردىن كىروراننىڭ قانچىلىك دەرىجىدە چوڭ ئىكەنلىكىنى ئاساسىي جەھەتتىن پەرەز قىلىۋالغىلى بولىدۇ، دەپ قەيت قىلىنغان. قىسقىسى، لوپنۇر كۆلىنىڭ غەربىي شىمال قىرغىقىدا ئون تۆت-ئون بەش مىڭ ئادىمى، ئىككى مىڭ توققۇز يۈز ئون ئىككى كىشىلىك غالىب قوشۇنى بار بىر كىچىك دۆلەت بار ئىدى. ئىرق جەھەتتىن ئېيتقاندا كىرورانلىقلار ئارىيانلار ئىرقىدىن بولۇپ، ئىران سىستېمىسىغا مەنسۇپ ئىدى، كىرورانلىقلار ئۆڭى قارا، ئورا كۆز، قاڭشارلىق ئىدى، پۈتۈن بەدىنىگە گۈل چېكىۋالاتتى. ئۇلار دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغاندىن باشقا، يەنە لوپنۇر كۆلىدىن تۇز يىغىپ ۋە بېلىق تۇتۇپ تۇرمۇش كەچۈرەتتى.

كىروران دۆلىتىنى دەسلەپتە جاڭ چيەن

تونۇشتۇرغان بولسىمۇ، لېكىن شۇ چاغدىن نەچچە يۈز يىللار مۇقەددەم بۇ مىللەت مۇشۇ يەردە ياشاپ كەلگەنىدى. كروران خەن سۇلالىسى بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىشتىن بۇرۇن، ھونلارنىڭ تەھدىت سېلىشى ۋە رەھىمسىزلەرچە تالان-تاراج قىلىشىغا دائىم ئۇچراپ تۇراتتى. بۇ دۆلەت ھونلارغا بېقىندا بولۇپ كەلگەن بولسىمۇ، سانى ئون تۆت-ئون بەش مىڭ كېلىدىغان كرورانلىقلار بۇ گۈزەل لوپنۇر كۆلى ۋادىسىدىن ئەزەلدىن ئايرىلىپ باقمىغان ھەمدە بۇ كۆلگە تايىنىپ ياشاپ كەلگەنىدى. كروران كىچىك دۆلەت بولغاچقا، ھونلارغا قارشى تۇرۇشقا ئاجىزلىق قىلاتتى، شۇنداق بولسىمۇ، ئۇلار قولىغا قورال ئېلىپلا قالسا، ھەر قاندىقى باتۇر ئەزىمەتلەرگە خاس جاسارىتىنى نامايان قىلاتتى. ئۇلار ئات مىنىشكە ئۇستا، هارۋا ھەيدەشكە ماھىر، ئوقيا ئېتىشتا مەرگەن ئىدى. كرورانلىقلار مۇشۇ ئۇستۇنلۇكلىرى بىلەن باشقا تائىپىلەردىن قورقۇپ قالمايتتى.

خەن ۋۇدى ھونلارغا قارشى بىرلىكتە ئۇرۇش قىلىشنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، جاڭ چيەننى غەربىي يۇرتقا ئەۋەتكەنىدى. لېكىن ئويلىمىغان يەردىن توخرى دۆلىتى بۇنىڭغا ئىنىق پوزىتسىيە بىلدۈرمىدى. شۇڭا خەن ۋۇدى جاڭ چيەننىڭ مەلۇماتىدىن ئۆزى ئېرىشمەكچى بولغان نەرسىگە ئېرىشەلمىدى، ئەمما غەربىي يۇرتتىكى دۆلەتلەر توغرىسىدا بىرقىسىم مەلۇماتقا ئىگە بولدى، بۇنى خەن ۋۇدى ئويلاپ يەتمىگەنىدى.

ھونلارنىڭ ستراتېگىيىسىدىن ئېيتقاندا، غەربىي يۇرتتىكى دۆلەتلەر زور قىممەتكە ئىگە ئىدى. خەن سۇلالىسى بۇ دۆلەتلەرنى ئۆز ھامىيلىقىغا ئېلىۋالسا، ھونلارنى ۋاستىلىك ھالدا تىزگىنلەپ تۇرالايتتى، بۇ دۆلەتلەرنىڭ ئەسكىرىي كۈچى ئارقىلىق ھونلارغا زەربە بېرەلەيتتى. يەنە بىر جەھەتتىن، بۇ قۇملۇق دالادىكى ئۇششاق دۆلەتلەردىن كەمدىن كەم ئۇچرايدىغان بايلىقلار، مەسىلەن، قاشتېشى، كەھرىۋا، ئالتۇن، كۈمۈش، مىس كۆپلەپ چىقاتتى، يەنە تۇز، قارىمۇچ، ئۈزۈم ھارىقىمۇ چىقاتتى. ئات، سۇ كالىسى، پىل، تۇز، مۈگۈز تۇمشۇق، ۋە شىرلارمۇ كۆپ ئىدى، مېۋە-چېۋە ۋە ئاشلىق مول ئىدى. خەن سۇلالىسى بۇ دۆلەتلەر بىلەن سودا مۇناسىۋىتى ئورناتقاندا، ھونلارغا قارشى ئۇزاق مۇددەت ئۇرۇش قىلىش نەتىجىسىدە ھالسىرىغان مالىيىسىنى ئوڭشىۋالالايتتى. بولۇپمۇ پەرغانىنىڭ ياراملىق ئاتلىرى بىلەن خەن سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ ئات كەمچىل بولۇشتەك قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىۋالالايتتى. مانا بۇلار خەن ۋۇدىنى ئۆزىگە قاتتىق جەلپ قىلغانىدى.

خەن ۋۇدى يەنە غەربىي يۇرتتىكى دۆلەتلەرنىڭ ئەتراپىدىكى بىر قانچە دۆلەتنىڭ نامىنى بىلىۋالدى. ئۇ گەرچە كانگىيە، ئارساك، ئەنەتكەك (ھىندىستان) كە ئادەم ئەۋەتمىگەن بولسىمۇ، لېكىن مۇشۇنداق چوڭ دۆلەتلەردە مەھسۇلاتلار مول، بايلىق كۆپ ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلىپ يەتتى. خەن ۋۇدى بولۇپمۇ پەرغانىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىن نەچچە مىڭ چاقىرىم يىراقلىقتىكى قاتتىق ئىسسىق بولىدىغان دۆلەت ئەنەتكەككە ئالاھىدە قىزىقتى. ھونلار ئەنەتكەكتىن خېلىلا يىراقتا بولغاچقا، ئۇلارغا تەھدىت سالالمايتتى. خەن ۋۇدى ئەنەت-كەكلىكلەرنىڭ خەزىنىلەر بىلەن مال-دۇنيا سودىسى قىلىشنى خالايدىغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئەنەتكەكتىن ئىبارەت بۇ چوڭ دۆلەتكە تېخىمۇ قىزىقتى.

مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 122-يىلى، جاڭ چيەن خەن ۋۇدىنىڭ يارلىقىنى ئېلىپ غەربىي يۇرتقا ئىككىنچى قېتىم باردى. ئۇنىڭ بۇ قېتىمقى ۋەزىپىسى ئەنەتكەككە بارىدىغان يولنى بىلىپ كېلىش ئىدى. ئەمما ئۇ يېرىم يولدا غەربىي جەنۇبتىكى ياۋايى ياتلارنىڭ توسقۇنلۇقىغا ئۇچراپ، مەقسىتىگە يېتەلمەي قايتىپ كەلدى.

ئىككىنچى يىلى، جاڭ چيەن غەربىي يۇرتقا ئۈچىنچى قېتىم باردى. بۇ چاغدا، خەن سۇلالىسى قوشۇنلىرى ھونلارغا جازا يۈرۈشى قىلغان ھەمدە شۇ ۋاقىتتا ھونلارنىڭ تەسىر كۈچى دائىرىسىدىكى دۇرخان (دۇنخۇاڭ) قاتارلىق جايلارنى قايتۇرۇۋېلىپ، غەربىي يۇرتقا بارىدىغان يولنىڭ توسالغۇسىز بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلغانىدى. خەن ۋۇدى غەربىي يۇرتتىكى دۆلەتلەر بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەت

ئۇرنىتىش ئۈچۈن، بۇ پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي مىلادىدىن بۇرۇنقى 121-يىلى جاڭ چيەننى غەربىي يۇرتقا يەنە ئەۋەتتى.

كرورانلىقلار خەن سۇلالىسى قوشۇنلىرىنى دەسلەپتە كۆرگەن چاغ جاڭ چيەن غەربىي يۇرتقا ئۈچىنچى قېتىم كىرگەن ۋاقىت ئىدى. بۇ كۈنى، لوپنۇر كۆلى بويىغا جايلاشقان سېپىل بىلەن پاسىللانغان كىچىك شەھەرگە خەنزۇلار ھۇجۇم قىلىدىكەن دېگەن خەۋەر تارقىلىشى بىلەن، شەھەر ئەھلى پاتىپاراق بولۇپ كەتتى. ئۇلار شەھەر سىرتىدا بېقىلىۋاتقان نەچچە مىڭ ئات ۋە تۆگىلىرىنى شەھەر ئىچىگە ئەكىرىۋېلىپ، يەتتە قوۋۇقنىڭ ھەممىسىنى مەھكەم ئەتتى، سېپىلنىڭ مۇھىم جايلىرىغا تولۇق قوراللانغان لەشكەرلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇۋەتتى.

شەھەر سېپىلىنىڭ ئۈستىگە چىقىپ يىراققا كۆز تىكسە، يىراقتا لوپنۇر كۆلى سۈكۈتكە ئۇرىلىپ تىپتىنچ ھالەتتە كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. لوپنۇر كۆلىنىڭ سۈيىنىڭ تۇز تەركىبى كۆپ بولۇپ، سەللا شامال چىقسا، كۆل يۈزىدە دەھشەتلىك دولقۇن كۆتۈرۈلەتتى. ئەمما بۇ كۈنكى لوپنۇر كۆلى ئادەتتىن تاشقىرى تىنچ بولسىمۇ، ئادەمگە بىر خىل ۋەھىمىلىك تۇيغۇ بېرىپ تۇراتتى. كۆلنىڭ قىرغىقىغا يېقىن سۇ يۈزى زۇمرەتتەك سۈپسۈزۈك بولۇپ، يىراقتىن گويا بىر پارچە زەڭگەر ئەينەكتەك كۆرۈنەتتى. شەھەر سېپىلىنىڭ ئۈستىدىن ئۇزۇنسىغا كۆز تىككەندە، كۆل بويىدىكى چېكىگە كۆز يەتكۈسىز باراقسان ئورمانلىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى، بۇ تەبىئىي ئورمانلىق ئىدى. كۆلنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىدا قويۇق ئۆسكەن قومۇشلۇق بار ئىدى. بەزى دەريالار مۇشۇ يەرگە قۇيۇلاتتى، دەريا ياقىلىرى قومۇشلۇق بىلەن قاپلىنىپ كەتكەن بولغاچقا، دەريالارنىڭ نەگە ئېقىپ بارىدىغانلىقىنى كۆرگىلى بولمايتتى.

سېپىلنىڭ ئەتراپىدا نۇرغۇن سۇ يوللىرى بار بولۇپ، سېپىلنىڭ شىمالىدا، قويۇق ئورمانلىقنىڭ سىرتىدا نەچچە چاقىرىم ئارىلىقتا سۇ يولى تورىنى شەكىللەندۈرگەن ئىدى، سۇ يوللىرى ئارىلىقىدا كەڭ كەتكەن ئېتىزلار بار ئىدى. بۇ سۇ يوللىرىنىڭ بەزىلىرى ئادەم كۈچى بىلەن قېزىلغان ئۆستەڭلەر، كۆپ قىسمى قۇرۇپ كەتكەن كونا دەريالار ئىدى. دەريالاردىكى سۇلار شەھەردىن بىر چاقىرىم يىراقلىقتىكى تارىم دەرياسىدىن كېلەتتى. شۇڭا كروران قۇملۇقتا جايلاشقان بولسىمۇ، لېكىن لوپنۇر كۆلىنىڭ بويىدا بولۇپ، يەرلىرى مۇنبەت، سۈيى ئەلۋەك، تارىم دەرياسىدىن ھاسىل بولغان دېلتىغا جايلاشقان شەھەر ئىدى.

تارىم دەرياسىنىڭ شىمالىدا بىر يول بار ئىدى، سېپىل راۋىقىدىن قارىسا، تارىم دەرياسىنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى باراقسان چاتقاللىق كۆزگە چېلىقىپ تۇراتتى، دەريالارنىڭ كۆپ قىسمى چاتقاللىقلار ئارىسىغا يوشۇرۇنغانىدى، چاتقاللىقنىڭ بەزى جايلىرىدىن كىچىك-كىچىك يېشىل ئېقىنلار كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بىر نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا بۇ دەريانىڭ بىر يېرىدە ئۆزگىرىش بولۇپ يېڭى بىر دەريا ھاسىل بولغانىدى. دەريانىڭ ئىككى قاسنىقىدا دەل-دەرەخ بولمىغاچقا، پىژ-پىژ ئىسسىقتا بۇ دەريا ساھىلىنى بويلاپ ماڭغان ھەرقانداق ئادەم ئىسسىق دەستىدىن كىيىمىنى سېلىۋېتىشكە مەجبۇر بولاتتى.

سېپىل راۋىقى ئۈستىدىكى كرورانلىقلار يىراقتىن پۇرچاقتەك چوڭلۇقتا كۆرۈنگەن ئادەملەرنى، ئۇلارنىڭ ئۇزۇن سەپ بولۇپ شەھەر تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. بۇ قوشۇن بىر قويۇق ئورمانلىقتىن چىقىپ خېلى ئۇزۇن ۋاقىتتىن كېيىن يەنە بىر قويۇق ئورمانلىققا كىرىپ كەتتى. كرورانلىقلار كۆزى ئۆتكۈر ئادەمدىن ئۈچىنى تاللاپ بۇ قوشۇندىكى ئادەملەر ۋە ئۇلاغلارنىڭ سانىنى ئېلىشقا قويۇپ، قالغانلىرى ئۇلار ئالغان سانلارنى ئېغىزدىن ئېغىزغا يەتكۈزدى. ئۇلار بۇ سانلارنى سېپىل راۋىقى ئۈستىدىن سېپىل راۋىقى ئاستىغا، سېپىل راۋىقى ئاستىدىن يەنە كروران قوشۇنلىرى تۇرۇشلۇق بىرىنچى ئورۇنغا يەتكۈزەتتى، ئۇلار ئەنە ئاشۇنداق ئېغىزدىن ئېغىزغا يەتكۈزۈش چارىسى ئارقىلىق خەن سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ ھەرىكىتىنى دوكلات قىلىپ تۇراتتى.

كروراندا يەتمىش سەككىز ياشقا كىرگەن بىر ئۇرۇق بوۋاينىڭ كۆزى ھەممىسىنىڭكىدىن ئۆتكۈر ئىدى، ئۇ بۇ قوشۇندا ئۈچيۈز ئادەم،

ئات-ئۇلاغ، يەنە ئۇن مىڭچە كالا-قوي بارلىقىنى كۆرەلىدى. بۇ ئادەملەر ۋە ھايۋانلار ناھايىتى كىچىك بولسىمۇ، ئۇ ئۇلارنى ناھايىتى ئېنىق كۆرگەنىدى. ئاتلارنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىگە ساندۇق ئارتىلغانلىقىنى كۆرۈپ بوۋاينىڭ چىرايىدىكى جىددىيلىك ئالامەتلىرى بىردىنلا يوقالدى. ئۇ كۆز ئالدىدىكى بۇ خەن سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ ھەرگىزمۇ ئۇرۇش قىلغىلى كەلگەن قوشۇن ئەمەسلىكىنى جەزم قىلغانىدى.

شەھەر ئىچىدىكى پاتپاراقچىلىق بىردەمدىلا بېسىقتى. شەھەر ئەھلى ئۆزلىرىنىڭ جىددىي ئۇرۇش ھالىتىدە تۇرۇۋاتمايۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، لېكىن ھېچكىم ھوشيارلىقنى بوشاشتۇرۇپ قويمىدى. ئۇرۇش ھازىرلىقى بىكار قىلىنغاندىن كېيىن، كىشىلەر كۆمۈۋەتكەن مال-دۇنيالىرىنى گەمىلەردىن كولاپ ئېلىشتى، ئات ۋە تۆگىلىرىنى يەنە شەھەر سىرتىغا ئېلىپ چىقىپ ئوتلاققا قويۇپ بەردى. بۇ ئىككى كۈندىن كېيىن بولۇۋاتقان ئىشلار ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن، بىر نەچچە كۈنگىچە كرورانلىقلار، خەن سۇلالىسىدىن غەربىي يۇرتقا كەلگەن بۇ قوشۇن نېمە ئۈچۈن كرورانغا بىرەر ئەلچى ئەۋەتمىگەندۇ؟ بۇ قوشۇن كۈنپېتىشقا ئۇدۇللاپ مېڭىپ نېمە ئىش قىلىدىغاندۇ؟ دەپ غۇلغۇلا قىلىشتى.

خەن سۇلالىسىنىڭ بۇ قوشۇنلىرى كروراندىن يانداپ ئۆتۈپ غەربىي يول ئارقىلىق، تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ شىمالىدىكى ئۇسۇن دۆلىتىگە باراتتى. ئۇسۇن دۆلىتى شىمالدىكى دۆلەتلەر ئىچىدە ئەڭ كۈچلۈك دۆلەت سانىلاتتى. كروران قاغانى خەن سۇلالىسىنىڭ ئۇسۇن دۆلىتى بىلەن كېڭەشكەنلىكىنى، بولۇپمۇ خەن سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ ئۇسۇن دۆلىتى قوشۇنلىرىنى يەنە بىر قانچە كىچىك قوشۇنغا بۆلۈپ، پەرغانە، كانگىيە، توخرى، توخار، ئارساك، ئەنەتكەك، ئۇدۇن ۋە مىرەن قاتارلىق دۆلەتلەرگە بارغانلىقىدىن يېرىم يىل ئۆتۈپ خەۋەر تاپتى. ئېنىقكى، خەن سۇلالىسى قوشۇنلىرى ھونلارنىڭ تەسىر كۈچى دائىرىسى ئىچىدىكى كروران ۋە غەربىي يۇرتنىڭ كىرىش ئېغىزىدا كرورانغا ئوخشاش ھونلارنىڭ تەسىر كۈچى دائىرىسى ئىچىدىكى قوشتىن ئەگىپ ئۆتكەنىدى.

بۇ ئىش بولۇپ ئىككىنچى يىلى، كرورانلىقلار خەن سۇلالىسىنىڭ چوڭ-كىچىك قوشۇنلىرىنىڭ كۈنپېتىش بىلەن كۈنچىقىش ئارىلىقىدا بېرىپ-كېلىپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى ھەر كۈنى دېگۈدەك كۆرۈپ تۇرىدىغان بولدى. ئۇلار خەن سۇلالىسى قوشۇنلىرىدىن باشقا يەنە، ئۇسۇننىڭ نەچچە ئون ئات ۋە تۆگىنى يېتىلەپ تارىم دەرياسىنى بويلاپ خەن سۇلالىسى تەرەپكە كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئۈلگۈردى، شۇ قاتاردا يەنە توخار دۆلىتىنىڭ ئۇششاق قوشۇنلىرىمۇ ئات-تۆگىلەرنى يېتىلەپ ئۇدا بىر نەچچە كۈن كۈنپېتىشقا مېڭىپ تۇرغانلىقىنى كۆردى. كرورانلىقلار بۇ ئەھۋاللار ئۆزلىرى بىلەن قىلچە مۇناسىۋەتسىز بولسىمۇ، لېكىن خەن سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتتىكى دۆلەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ كۈنسايىن قويۇقلىشىۋاتقانلىقىنى ناھايىتى ئېنىق كۆرۈپ يەتتى.

كرورانلىقلار كېلىپ-كېتىپ تۇرغان بۇ ئادەملەرگە يېقىنلىشىپ، ئۇلارنىڭ زادى نېمە قىلىدىغان ئادەملەر ئىكەنلىكىنى بىلىش ئۈچۈن، شەھىرىدىن چىقىپ، چەكسىز كەتكەن ئېگىزلىقتىن ئۆتۈپ تارىم دەرياسى بويىغا كەلدى. كرورانلىقلارنىڭ بۇ يەرگە تۇنجى قېتىم كۆچۈپ كېلىشى ئىدى.

كرورانلىقلار، ھونلار ئەمدى بۇ يەرگە كەلمەيدىغان بولدى، دەپ قارىدى. كرورانلىقلار خەن سۇلالىسى ھونلارنى مەغلۇپ قىلىپ، ھون تەڭرىقۇتى قونشارخانىنى ئەسىرگە ئالغانلىقىنى ئاڭلىدى، كرورانلىقلار بۇ پولاتتەك پاكىتلارغا ئىشەنمەي مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇلار يەنە، كېلىپ-كېتىپ تۇرغانلاردىن خەن سۇلالىسى ھونلارنىڭ بازىلىرىدىن بىرى بولغان بوربۇلاق (جيۇچۇەن) بىلەن دۇرخان (دۇنخۇاڭ)نى ئىككى ۋىلايەت قىلىپ تەسىس قىلغانلىقىنى، سەددىچىن سېپىلىنى بوربۇلاقىچە ئۇزارتقانلىقىنى، دۇرخاننىڭ غەربىدىكى ياڭگۇەن قوۋۇقى، قاشقوۋۇقتا تۇرا ۋە تۇراگاھ قۇرۇپ، خەن سۇلالىسى بىلەن غەربىي يۇرت ئوتتۇرىسىدا قاتناش كارىدورى ئاچقانلىقىدىن خەۋەر تاپتى.

بۇ ئىككى يىلدا، كرورانلىقلار تۇنجى قېتىم

ھونلارنىڭ تالان-تاراج قىلىشىغا ئۇچرىمىدى.

كرورانلىقلار خەن سۇلالىسى قوشۇنلىرىنى تۇنجى قېتىم كۆرگەندىن كېيىنكى ئۈچىنچى يىلى خەن سۇلالىسى ئەۋەتكەن ئەلچىنى تۇتۇۋالدى.

خەن سۇلالىسى ئەلچىسى خەن سۇلالىسىنىڭ بۇيرۇقىنى ئۇقتۇرۇپ، كرورانلىقلاردىن مۇۋاپىق ساندا ئادەم چىقىرىپ، قاشقۇۋۇق، ياڭگۇەن قوۋۇقىدىن غەربىي يۇرتقا بارىدىغان خەن سۇلالىسى ئادەملىرىنىڭ قۇملۇقتىن كېسىپ ئۆتۈش سەپىرىدە كېرەك بولىدىغان سۇ ۋە ئاشلىق بىلەن تەمىنلەشنى تەلەپ قىلدى. خەن سۇلالىسى بۇ بۇيرۇقنى كروراندىن باشقا قوشقىمۇ چۈشۈرگەنىدى.

كروران بۇ ۋەزىپىنى ئورۇنداش ئۈچۈن، ھەر كۈنى دېگۈدەك بىر مۇنچە ئەر ئەمگەك كۈچى ئاجرىتىپ قۇملۇققا نەرسە-كېرەك ئاپىرىپ تۇردى. بىر مۇنچە ئاشلىقنى يۈدۈپ، ئەپكەشتە سۇ كۆتۈرۈپ قۇملۇققا بېرىپ خەن سۇلالىسى ئادەملىرىنىڭ ئالدىغا چىقىش تولىمۇ مۈشكۈل ئىش ئىدى. ئىلگىرى ھونلار ئۇزاق ۋاقىتلارغىچە كرورانلىقلارغا ئالۋان-ياساق سېلىپ بايلىقىنى بۇلاپ كېلىۋاتاتتى، مانا ئەمدى، كۆتۈرەلمىسەك ساڭگىلىشىۋال دېگەندەك، خەن سۇلالىسى ئۆزىنىڭ چوڭ دۆلەتلىكىنى پەش قىلىپ، قورال كۈچىگە تايىنىپ بۇيرۇق چۈشۈرۈشكە باشلىغانىدى.

بىر نەچچە كرورانلىقنىڭ بىر مۇنچە ئاشلىقنى يۈدۈپ قۇملۇقتا يول يۈرۈۋاتقىنىغا بىر ئايدەك بولغانىدى، بىر كۈنى كېچىدە، قۇلىقى سەزگۈر بىرى ھون ئاتلىرىنىڭ كىشنىگەن ئاۋازىدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى. ئاتلىق ئون نەچچە ھون شەھەر قوۋۇقىدىن ئۇسۇپ كىرىپ كەلگەنىدى. ئۇلار، بىز ھونلار تېخى بار، دېگەندەك قىلىپ شەھەرنىڭ چوڭ-كىچىك كوچىلىرىدا ئۇياقتىن بۇياققا چېپىپ يۈرەتتى، بىر ئاتلىق ھون يىگىتى نەيزىسىنىڭ ئۇچىغا بىر خەن سۇلالىسى لەشكىرىنىڭ كاللىسىنى ئىلىۋالغانىدى. كاللىدىن تامچىپ تۇرغان قان ئاي نۇرىدا كۆكۈش پاللداپ تۇراتتى.

ئەتىسى، قۇملۇقتا ئالدىراش كېتىۋاتقان ئۈچ كروران يىگىتى خەن سۇلالىسىنىڭ ئۈچ ئادىمىنى ئۆلتۈرۈپ، كەچ بولغاندا بۇلىغان ئولجىلىرىنى ئېلىپ شەھەرگە قايتىپ كەلدى. بۇ ياشلارنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىنى كۆرگەن شەھەر ئەھلى ئالقىش ياڭرىتىپ ئۇلارنى قىزغىن قارشى ئالدى. كرورانلىقلار بىرلا دۆلەتكە بېقىنىشنى ئارزۇ قىلاتتى، ئۇلار خەن سۇلالىسى ئادەملىرىنىڭ مىجەزىنى تېخى بىلىپ يەتمىگەنىدى، شۇڭا يەنىلا ئۆزلىرى بىلەن كۆپ يىللاردىن بۇيان خېلى قويۇق مۇناسىۋەتتە بولۇپ كېلىۋاتقان ھونلارنى تېپىۋالدى.

خەن سۇلالىسى ئادەملىرى قۇملۇقتا ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، كرورانلىقلار خەن سۇلالىسى ئەلچىلىرى ئۈچۈن قۇملۇقتا پايپاسلىمايدىغان بولدى. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي، ھونلارنىڭ بىر قوشۇنى قوش بىلەن كرورانغا كىرىپ ئورۇنلاشتى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن كروران يىگىتلىرى خەن سۇلالىسى ئەلچىلىرىگە بىر نەچچە قېتىم تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلدى.

مىلادىدىن بۇرۇنقى 108-يىلى قىش كىرىشى بىلەنلا، خەن سۇلالىسى قوشۇنلىرى ياڭگۇەن قوۋۇقى، قاشقۇۋۇقى ئەتراپىدا گاھ غايىب بولۇپ، گاھ پەيدا بولۇپ تۇرىدىغان ھون قوشۇنلىرى بىلەن غەربىي يۇرتتىكى قۇملۇق دالادا تۇنجى قېتىم تۇتۇشتى. خەن سۇلالىسى سەركەردىسى جاۋپونۇ ئون مىڭ كىشىلىك چوڭ قوشۇننى باشلاپ غەربىي يۇرتقا يېتىپ كېلىپ ھون قوشۇنلىرىغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ھون قوشۇنلىرى شىمالغا قاچتى. خەن سۇلالىسى قوشۇنلىرى قوش بىلەن كرورانغا تېگىش قىلىش ئۈچۈن ھون قوشۇنلىرىنىڭ قالدۇق كۈچلىرىنى لوپنۇر كۆلى بويىغىچە قوغلاپ كەلدى.

كروران ناھايىتى تېزلا خەن سۇلالىسى چوڭ قوشۇنىنىڭ قورشاۋى ئىچىدە قالدى. خەن سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىشى ئارقىسىدا، قىلچە تەييارلىقسىز تۇرغان كرورانلىقلار تېڭىرقاپ قالدى، خەن سۇلالىسى سەركەردىسى ۋاڭ خۇي يەتتە يۈز لەشكىرىنى باشلاپ كروران شەھىرىگە بۆسۈپ كىردى. شەھەر ئىچىدە نېمە قىلارىنى بىلمەي قالغان كرورانلىقلار تاجاۋۇز قىلىپ كىرىۋاتقان خەن سۇلالىسى

قوشۇنلىرىغا قولىنى قوشتۇرۇپ قاراپ تۇرۇشتى. خەن سۇلالىسى قوشۇنلىرى شەھەر مەركىزىدىكى قاغان ئوردىسىنى بىراقلا بېسىۋېلىپ كروران قاغانىنى ئەسىرگە چۈشۈردى.

خەن سۇلالىسى قوشۇنلىرى كروران قاغانىنى جاۋپۇنۇنىڭ بارگاھىغا يالاپ ئاپاردى، كروران قاغانى جاۋپۇنۇغا قەسەم ئىچىپ خەن سۇلالىسىگە ئەل بولىدىغانلىقىنى ھەمدە چوڭ ئوغلىنى خەن سۇلالىسىدە بارۇمتايلىقتا * تۇرۇشقا شۇ كېچىدىن قالدۇرماي خەن سۇلالىسى قوشۇنلىرىغا تاپشۇرۇپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

خەن سۇلالىسى قوشۇنلىرى كروراننى ئىگىلىۋالدى، ئارقىدىنلا قوشنى قولغا ئالدى. بۇ ئىشتىن ئۇسسۇن بىلەن پەرغانە قاتتىق چۆچۈدى. ئىككىنچى يىلى ئەتىيازدا، خەن سۇلالىسى بۇ يەرلەردىن قوشۇنلىرىنى چېكىندۈرۈپ كەتتى.

ھون قوشۇنلىرى خەن سۇلالىسى قوشۇنلىرى غەربىي يۇرتقا ماڭغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ يەنە كرورانغا قايتىپ كەلدى. بۇ قېتىم كروران قاغانى خەن سۇلالىسىگە قەسەم ئىچكەندەك ھونلارغىمۇ قەسەم ئىچىپ، كەنجى ئوغلىنى بارۇمتايلىققا بېرىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

خەن ۋۇدى غەربىي يۇرتتا بىر مەھەل قوشۇن ئىشلەتكەندىن كېيىن، غەربىي يۇرتتىكى دۆلەتلەرگە قورال كۈچى بىلەن تاقابىل تۇرىدىغان بولدى. خەن ۋۇدى ياراملىق ئات تېگىشىپ كېلىش ئۈچۈن پەرغانىگە مىڭ ئالتۇن تەڭگە بىلەن ئەلچى ئەۋەتتى. ئەمما پەرغانە تېگىشىپ بېرىش ئۇياقتا تۇرسۇن، خەن سۇلالىسى ئەلچىسىنى ئۆلتۈردى. بۇ ئىشتىن قاتتىق غەزەپلەنگەن خەن ۋۇدى دەرھال پەرغانىگە جازا يۈرۈشى قىلىشقا قوشۇن چىقاردى. تەيچۇنىڭ 2-يىلى (مىلادىدىن بۇرۇنقى 103-يىلى) لى گۇاڭلى ئالتە مىڭ كىشىلىك مۇنتىزىم ئاتلىق قوشۇن ۋە داردىن قاچقان ئونمىڭدەك بەڭباش ئۆسمۈرنى باشلاپ غەربىي يۇرتقا كېلىپ پەرغانىگە جازا يۈرۈشى قىلدى.

لېكىن شۇ چاغدا، غەربىي يۇرتتىكى دۆلەتلەر ئۆزىنى پۇختا مۇداپىئە قىلىپ، خەن سۇلالىسى قوشۇنلىرىنى ئاشلىق بىلەن تەمىنلىمىدى. شۇڭا ئۇزۇن سەپەر بېسىپ كەلگەن خەن سۇلالىسى قوشۇنلىرى پەرغانىگە يېتىپ كەلگەندە، يېرىمىدىن كۆپرەكى ئاچلىق، ئۇسسۇزلۇق ۋە ھېرىش-چارچاشتىن ھالىدىن كەتتى. ئارقىدىنلا لى گۇاڭلى ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولۇپ، ئامان قالغان ئازغىنا قوشۇننى باشلاپ قاشقۇۋۇققا قايتىپ كەلدى. خەن ۋۇدى لى گۇاڭلىنىڭ جازا يۈرۈشىدە بوش كېلىپ قالغانلىقىدىن قاتتىق غەزەپلىنىپ، «قوشۇندىكىلەردىن كىمكى قايتىپ كەلسە، كاللىسى ئېلىنسۇن» دەپ يارلىق چۈشۈردى. لى گۇاڭلى باشچىلىقىدىكى قالدۇق قوشۇن قاشقۇۋۇقتىن بىر قەدەم ئاتلاپ كىرىشكە جۈرئەت قىلالمىدى، شۇنىڭ بىلەن لى گۇاڭلى دۇرخان (دۇنخۇاڭ) دا تۇرۇپ قېلىشقا مەجبۇر بولدى.

ئىككىنچى يىلى، لى گۇاڭلى ئاتمىش نەچچە مىڭ كىشىلىك قوشۇننى باشلاپ دۇرخان (دۇنخۇاڭ) دىن يەنە پەرغانىگە ھۇجۇم قىلدى. بۇ قېتىم ئۇلار، يۈز مىڭ كالا، ئوتتۇز مىڭ ئات، قىرىق مىڭ ئېشەك، قىرىق مىڭ تۆگە، يېتەرلىك قورال-ياراغ ۋە ئاشلىق بىلەن يولغا چىقتى.

لى گۇاڭلى قوشۇنلىرى لوپنۇر كۆلى بويىدىن ئۆتكەندە، كروران ھونلارنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن، ئەسكەر چىقىرىپ خەن سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ ئارقا سەپىگە پاراكەندىچىلىك سالدى. بۇنى خەن سۇلالىسى قوشۇنلىرى دەرھال سەزدى، شۇنىڭ بىلەن قاشقۇۋۇقتا تۇرۇۋاتقان خەن سۇلالىسى قوشۇنلىرى كروراننى مۇھاسىرىگە ئالدى. بۇ چاغدا ھون ئاتلىق قوشۇنلىرى ياردەمگە كەلسىمۇ، كروران شەھىرىنى ساقلاپ قېلىش مۇمكىن بولماي قالغانىدى. كروران قاغانى يەنە بىر قېتىم خەن سۇلالىسى قوشۇنلىرىغا ئەسىرگە چۈشتى.

خەن سۇلالىسى قوشۇنلىرى كروران

* بارۇمتاي — قەدىمكى زاماندا غەربىي يۇرتتا ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى تىنچلىقتا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، قاغانىنىڭ شاھزادىسى قارشى دۆلەتنىڭ پايتەختىدە گۆرۈ ئورنىدا تۇراتتى. بۇلار تۇرغاق ياكى بارۇمتاي دەپ ئاتىلاتتى.

قاغانىنى خەن سۇلالىسىنىڭ پايتەختى چاڭئەنگە يالاپ ئېلىپ كەلدى. بۇ چاغدا، خەن سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ پەرغانىدىن غەلىبە خەۋەرلىرى ئارقا-ئارقىدىن كېلىشكە باشلىدى. خەن سۇلالىسى قوشۇنلىرى پەرغانىنى مۇھاسىرىگە ئېلىپ تەسلىم قىلدۇرۇپ، نەچچە ئون يارامىلىق ئات ۋە ئۈچ مىڭدىن ئارتۇق يۈكنى ئولجا ئالغانىدى.

كروران قاغانى سوراق قىلىنغاندا مۇنداق دېدى: « كروران خەن سۇلالىسى بىلەن هون دۆلىتىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرۇۋاتىدۇ، كروران خەن سۇلالىسىگىمۇ بويسۇنمىسا، هونلارغىمۇ بويسۇنمىسا دۆلەت بولۇپ تۇرالمايدۇ، شۇڭا كرورانلىقلار ئىككى تاشنىڭ ئارىسىدا قېلىپ مەجلىپ كېتىۋاتىدۇ. ئەگەر خەن سۇلالىسى كروراننى ئۆز هۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئالسا، بىز كرورانلىقلارنىڭ خەن سۇلالىسى ئادەملىرى تۇرۇۋاتقان جايلارغا كۆچۈپ بېرىشىغا ئىجازەت بېرىلسە، بىزگە مۇشۇنىڭدىن باشقا چارە قالمىدى.»

خەن ۋۇدى بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئىچ ئاغرىتىپ كروران قاغانىنى ئۆلتۈرمەي كروران دۆلىتىگە قايتۇرۇۋەتتى.

خەن سۇلالىسى پەرغانىنى ئىگىلىگەندىن كېيىن، خەن سۇلالىسىدىن غەربىي يۇرتقا بارىدىغان يولنى قوغداش ئۈچۈن، قاشقۇۋۇقتىن لوپنۇر كۆلىگىچە بولغان قوملۇق دالادىكى مۇھىم ئورۇنلاردا قاراۋۇلخانا قۇردى. بۇنىڭدىن باشقا يەنە چاقپىلەكتام ۋە تارىم دەرياسى ۋادىسىدىكى مۇھىم ئورۇنلاردا نەچچە يۈز مىڭ كىشىلىك دېهقان هەربىي قوشۇن تۇرغۇزدى. شۇنىڭدىن كېيىن، خەن سۇلالىسى گەپ-سۆزسىزلا كروراننى ئۆز هۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئالدى. جېڭخېنىڭ 4-يىلى (مىلادىدىن بۇرۇنقى 89-يىلى) خەن سۇلالىسى قوشۇنلىرى قوشقا هۇجۇم قىلغاندا، كروران خەن سۇلالىسىنىڭ تەكلىپى بىلەن ئۆزىنىڭ قوشۇنلىرىنى ئالدىنقى سەپكە ئەۋەتتى. بۇ قېتىمقى ئۇرۇش كروران بىلەن قوشقا ياردەمگە كەلگەن هون قوشۇنلىرى ئوتتۇرىسىدا بولدى، كرورانلىقلاردىن ناهايىتى نۇرغۇن ئادەم قۇربان بولدى.

كرورانغا خەن سۇلالىسىگىمۇ، هونلارغىمۇ بېقىنماقتىن باشقا يول قالمىدى. كروران قاغانى مۇشۇ ھەلەكچىلىكتە ھارغىنلىق يېتىپ كېسەل بولۇپ ئۆلۈپ كەتتى. شۇ ۋاقىتتا كرورداندا تەختكە ۋارىسلىق قىلىدىغان ئادەم يوق ئىدى. كروران قاغانىنىڭ ئىككى ئوغلىنىڭ بىرى هونلاردا، يەنە بىر ئوغلى خەن سۇلالىسىدە بارۇمتايلىقتا تۇرۇۋاتقان بولۇپ، بىرسىمۇ قايتىپ كەلمىگەنىدى. ئاڭلىغان گەپلەردىن قارىغاندا، كروران قاغانىنىڭ خەن سۇلالىسىدە بارۇمتايلىقتا تۇرۇۋاتقان چوڭ ئوغلى قانۇنغا خىلاپلىق قىلدى دەپ ئۆلۈمگە هۆكۈم قىلىنغانىكەن، هونلارغا ئاپىرىپ بەرگەن كەنجى ئوغلىنىڭ ئىز-دېرىكى يوق ئىدى. شۇنىڭ بىلەن كرورانلىقلار نائىلاج كروران قاغانىنىڭ بىر تۇغقىنىنى تەختكە ۋارىسلىق قىلدۇردى. كروراننىڭ يېڭى قاغانى تەختكە چىقىشى بىلەنلا خەن سۇلالىسى بىلەن هونلار كروراندىن يېڭىدىن بارۇمتاي ئەۋەتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. كروراننىڭ يېڭى قاغانى نائىلاج ئۆزىنىڭ چوڭ ئوغلى ئەنگۈينى هونلارغا، كەنجى ئوغلى ۋېيتۇگېيتنى خەن سۇلالىسىگە بارۇمتايلىققا ئەۋەتىپ بەردى.

بىر مەزگىل غەربىي يۇرتنى ئاكتىپ ئىدارە قىلىپ كېلىۋاتقان خەن ۋۇدى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغا بارغاندا، خەن دۆلىتىنىڭ مالىيىسى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى، پۇقرالارنىڭ نارازىلىقى كۆپەيدى، لەشكىرىي ئىشلاردىمۇ هالسىراش ئەھۋالى كۆرۈلۈپ، خەن ۋۇدى بىر مەزگىل غەربىي يۇرتنى سوۋۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن هونلار غەربىي يۇرتتىكى دۆلەتلەردە يەنە پەيدا بولۇپ تەسىر كۆچىنى ئاستا-ئاستا كېڭەيتىشكە باشلىدى. ئىلگىرى خەن سۇلالىسىگە بېقىنىپ كېلىۋاتقان يول بويىدىكى دۆلەتلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ خەن سۇلالىسىدىن يۈز ئۆردى. كروراننىمۇ شۇ چاغدىكى ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسى بىلەن خەن سۇلالىسىدىن يىراقلاپ هونلارغا يېقىنلاشتى.

كروراننىڭ يېڭى قاغانىمۇ ئۆز دۆلىتىنىڭ خەن سۇلالىسى بىلەن هونلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋىتىنى بىر ياقلىق قىلىش ھەلەكچىلىكىدە، تەختكە چىقىپ بىر نەچچە يىلدىن كېيىن ئۆلۈپ كەتتى. هونلار كروران قاغانىنىڭ بىر

نەچچە يىل بارۇمتايلىقتا تۇرغان چوڭ ئوغلى ئەنگۈينى كروراندا قايتۇرۇپ كېلىپ تەختكە ۋارىسلىق قىلدۇردى. ئۇ يىگىرمە سەككىز ياشقا كىرگەن ياش قاغان ئىدى. ئەنگۈي تەختكە چىققاندىن كېيىن، خەن سۇلالىسىدىن يۈز ئۆرۈپ، هونلارغا يېقىنلىشىش سىياسىتىنى قوللاندى. ئەنگۈي ئاتىسى ۋە ئىلگىرىكى كروران قاغانىنىڭ خەن سۇلالىسى بىلەن هونلارنىڭ هەر ئىككىسىگە يېقىنلىشىنىڭ دەردىنى يەتكۈچە تارتقانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى. شۇڭا ئۇزاق ۋاقىت هونلاردا تۇرغان ئەنگۈي ئەلۋەتتە هونلارغا ئاسانلا يېقىنلىشالايتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە هون دۆلىتىدە ئۇنىڭ يەنە نۇرغۇن تونۇشلىرى بار ئىدى.

كروراننىڭ يېڭىدىن تەختكە چىققان ياش قاغانى ئەنگۈينىڭ خەن سۇلالىسىدىن يۈز ئۆرۈپ هونلارغا يېقىنلىشىشى هەر جەھەتتە روشەن ئىپادىلىنىشكە باشلىدى. ئەنگۈي تەختكە چىقىپ ئۇزاق ئۆتمەي، خەن سۇلالىسى ئەلچى ئەۋەتىپ ئەنگۈيگە خەن سۇلالىسىگە بەيئەت قىلىش توغرىسىدا نەسىھەت قىلدى. لېكىن ئەنگۈي بۇنى رەت قىلىپ خەن سۇلالىسىگە بارمىدى. يەنە كېلىپ ئەنگۈي هونلارنىڭ بىر تەرەپ قوشۇنى بولۇپ، خەن سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتتىكى دۆلەتلەرگە بارىدىغان يولىنى توستى. غەربىي يۇرتقا ماڭغان خەن سۇلالىسى ئەلچىلىرى ۋە هەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ خەن سۇلالىسىگە ئولپان ئېلىپ ماڭغان ئەلچىلىرى هەمىشە لوپنۇر كۆلى ئەتراپىدا كروراندىلارنىڭ هۇجۇمىغا ئۇچراپ تۇردى.

ئەنگۈي تەختكە چىققان بىر نەچچە يىل ئىچىدە هون قوشۇنلىرى كرورانغا ئوچۇق-ئاشكارا كىرىپ چىقىدىغان بولدى. شەھەرنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدا هونلارنىڭ ئاتلىرى ئۇچراپ تۇراتتى. بۇ دەل خەن ۋۇدى ئۆلگەندىن كېيىن جاۋدى تەختكە چىققان مەزگىل ئىدى.

غەربىي يۇرتتىكى دۆلەتلەردىن كرورانىدىن باشقا كۈسەنمۇ هونلارغا ئىتائەت قىلاتتى، هەدېگەندىلا خەن سۇلالىسى بىلەن هونلارنىڭ بېسىمىغا ئۇچراپ كېلىۋاتقانىدى. قوشمۇ شۇنداق ئىدى. شۇ چاغدا قوملۇق ئايرىپ تۇرغان بۇ ئىككى كىچىك دۆلەت بىر مەزگىل خەن سۇلالىسى، هونلار بىلەن دوستانە مۇناسىۋەتتە بولۇش پوزىتسىيىسىدىن ۋاز كېچىشتە ئېنىق بىر قارارغا كېلەلمىدى. كۆپ تالاش-تارتىش قىلىشتى. لېكىن ئاخىر ئۇلار يەنىلا هونلارغا ئىتائەت قىلىپ، ئۆز دۆلىتىنى گۈللەندۈرۈش قارارىغا كەلدى.

كروران بىلەن كۈسەن مۇشۇنداق پوزىتسىيە تۇتقانلىقى ئۈچۈن خەن سۇلالىسى هامان بىر كۈنى ئۇلاردىن ئۆچ ئالماي قالمايتتى. بۇنى ئەنگۈي ئويلاپ يەتكەنىدى. ئەمما بۇ ئىش ئۇنىڭ ئويلىغىنىدىن بالدۇر بولدى.

مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 77-يىلى كۈزدە، كروران خەن سۇلالىسىنىڭ ئەلچىسى فۇجيېزىنى كۈتۈۋالدى. بۇ كروراننىڭ فۇجيېزىنى شۇ يىل ئىچىدە ئىككىنچى قېتىم كۈتۈۋېلىشى ئىدى. ئالدىنقى قېتىم فۇجيېزى كېلىپ كروراننىڭ يېقىندىن بۇيانقى پوزىتسىيىسىنى ئەيىبلىگەنىدى. ئەنگۈي گۇناھى ئۈچۈن ئەپۇ سورىغاندىن كېيىن فۇجيېزى قايتىپ كەتكەنىدى. لېكىن شۇنىڭدىن ئېتىبارەن كروران دۆلەت سىياسىتىنى قىلچە ئۆزگەرتمىدى، كروران قاغانى ئەنگۈي ئەلىمنى ئىچىگە يۇتۇپ خەن سۇلالىسىنىڭ بۇ ئەلچىسىنى يەنە كۈتۈۋالدى. ھېلىمۇ ياخشى، هونلار كروران ئەتراپىدا تۇرغۇزۇۋاتقان قوشۇنلىرىنى يېڭىلا چېكىندۈرۈپ كەتكەنىدى. ئەنگۈي كۆڭلىدە تازا بەك خالاپ كەتمىسىمۇ، يەنىلا خەن سۇلالىسىنىڭ بۇ ئەلچىسىنى شەھەر ئىچىدىكى بىر سارايغا ئورۇنلاشتۇردى.

زالغا كاتتا زىياپەت راسلانغانىدى. فۇجيېزى ئىككى نۆكىرىنىڭ هەمراھلىقىدا زىياپەتكە قاتناشتى، ئۇلارنى چۆرىدەپ ئولتۇرغانلار كروران قاغانى ئۇرۇق-جەمەتلىرى، ئوردا مەنسەپدارلىرى ئىدى، ئەمەلىيەتتە ئۇلار فۇجيېزىلارنى قورشىۋالغانىدى.

زىياپەت ئارىلىقىدا، فۇجيېزى كروران قاغانىغا ئايرىم دەيدىغان گېپىم بار دېدى. قاغان ئەنگۈي فۇجيېزىنىڭ گېپىنى ئاڭلاش ئۈچۈن، ئۇنىڭ يېنىغا سۈرۈلدى. كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە بولغان ئارىلىقتا خەن سۇلالىسىدىن كەلگەن ئىككى نۆكەر يىگىت تەڭلا قاغان ئەنگۈيگە كەينىدىن خەنجەر تىقىۋەتتى. سورۇن بىردىنلا پاتىپاراقلىشىپ كەتتى. فۇجيېزى

كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ سورۇن ئەھلىگە ۋارقىرىدى. سورۇن ئەھلىنىڭ كۆزى فۇجيېزىدا ئىدى، ئۇ دەرغەزەپكە كەلگەنىدى، ئاۋازى دەھشەتلىك چىقاتتى:

— تەڭرىقۇتنىڭ ئەمرى ۋاجىپتۇر، خەن سۇلالىسىگە قارشى چىققان ئەنگۈي ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىندى. خەن سۇلالىسىدە بارۇمتايلىقتا تۇرۇۋاتقان ۋېنتۇگېت سىلەرگە قاغان بولىدۇ، ئۇ پات ئارىدا خەن سۇلالىسى قوشۇنلىرى بىلەن بىرلىكتە قايتىپ كېلىدۇ. سىلەر دۆلىتىمىز مۇنقەرز بولمىسۇن دېسەڭلار، ئۇرۇنسىز غەلىيان كۆتۈرگۈچى بولماڭلار.

سورۇن ئەھلى ئەس-ھوشىنى يوقىتىپ داڭقېتىپ تۇرۇپ قالغان ۋاقىتتا، فۇجيېزى قىلىچىنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ ئەنگۈينىڭ كاللىسىنى تېنىدىن جۇدا قىلدى.

## 2

چاڭئەندە بارۇمتايلىقتا تۇرۇۋاتقان ۋېنتۇگېت خەن سۇلالىسىنىڭ ئەمەلدار-نۆۋكەرلىرىدىن قاغان ئەنگۈينىڭ ئۆلگەنلىكىدىن خەۋەر تاپتى. خەن سۇلالىسى ئۇنى دەرھال دۆلىتىگە قايتىپ بېرىپ ئەنگۈينىڭ ئورنىغا كروران قاغانى بولۇشقا بۇيرۇق قىلدى. لېكىن ۋېنتۇگېت يەنە بىر نەچچە كۈن توختاپ چاڭئەندىن ئايرىلىشنى تەلەپ قىلدى. ۋېنتۇگېن خەن سۇلالىسىگە مۇنداق ئىلتىماس سۇندى:

« مەن ھازىر كرورانغا قايتىدىغان بولدۇم، بارسام ھونلار ۋە ئۇلارنىڭ شېرىكلىرى مېنى چوقۇملا ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. كروراننىڭ جەنۇبىدا مىرەن دەپ بىر شەھەر بار، ئۇ يەرنىڭ يېرى مۇنبەت، خەن سۇلالىسىنىڭ شۇ يەرگە قوشۇن ئەۋەتىپ تۇرغۇزۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن. شۇنداق بولغاندا، مەن خەن سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ كۈچ-قۇدرىتىنىڭ ياردىمىدە ھونلارنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇپ كېتەلىشىم مۇمكىن. ئەگەر بۇ مۇمكىن بولمىسا، مەن قاغان بولساممۇ، كروران دۆلىتىنى باشقۇرۇپ كېتىشكە كۆزۈم يەتمەيدۇ.»

ۋېنتۇگېتنىڭ بۇ ئىلتىماسىنى خەن سۇلالىسى قوبۇل قىلدى. پات ئارىدا خەن سۇلالىسى بىر ئەمىر لەشكەر، قىرىقتىن ئارتۇق ئەمەلدار-لەشكەرنى مىرەنگە بېرىپ دېھقانچىلىق قىلىشقا ئەۋەتىدىغان بولدى.

خەن سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ ھىمايىسىدە كرورانغا قاراپ يولغا چىققان ۋېنتۇگېت بوربۇلاق (جيۇچۈەن)، قاشقۇۋۇقتىن، ئاسمىنىدىن ئۇچار قاناتلار ئۇچۇپ ئۆتەلمەيدىغان، ئۈستىدىن ھايۋانلارمۇ مېڭىپ ئۆتەلمەيدىغان ئاق ئەجدىھا قۇملۇقىدىن ئۆتۈپ، ئايرىلغىنىغا بىر نەچچە يىل بولغان لوپنۇر كۆلى بويىدىكى باراقسان ئورمانلارنى يىراقتىن كۆردى. بۇ كروران قاغانى فۇجيېزى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلۈپ ئىككى ئايدىن كېيىن بولغان ئىش ئىدى.

ۋېنتۇگېتنىڭ يېنىپ كەلگەنلىكىدىن خەۋەر تاپقان كروران ئاۋامى شەھەر قوۋۇقىغا يىغىلىپ، بۇ يېڭى قاغانغا سوغۇق نەزەرى بىلەن كۆز تىكىشتى. يېڭى قاغان شەھەر قوۋۇقىدىن كىرىپ كېلىۋاتقاندا، ئۇن ياشقىمۇ كىرمىگەن بىر بالا:

— دەريا ئەجدىھاسىغا ساتقىنلىق قىلىشقا يول قويمايمىز! — دەپ ۋارقىرىدى.

دەريا ئەجدىھاسى كرورانلىقلار چوقۇنۇپ كېلىۋاتقان بىر تەڭرىنىڭ ئىسمى ئىدى. يېڭى قاغان ئانچە ئۇزۇن ماڭمايلا، بىر موماي قولىنى كۆتۈرۈپ يېڭى قاغاننى ئورماقچى بولغان قىياپەتتە:

— كروراندىن ئايرىلىش ئۆلۈم دېمەكتۇر! — دەپ ۋارقىرىدى.

ۋېنتۇگېت بۇ بالا بىلەن مومايىنىڭ نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى. قاغان ئوردىسى خەن سۇلالىسى نۆۋكەرلىرىنىڭ مۇھاپىزەتچىلىكىدە ئىدى. ۋېنتۇگېت بىلەن تونۇشىدىغان قاغان ئۇرۇق-جەمەتىدىكى ئەر-ئايال ھەممەيلەن ئالدىغا چىقىپ كۈتۈۋالدى، لېكىن ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىن بۇ يېڭى قاغانغا بىر خىل سوغۇق نۇر يېغىپ تۇراتتى.

ۋېنتۇگېت شەھەرگە كىرىشتىن بۇرۇن، ھونلارنىڭ توپىلىڭىدىن مۇداپىئەلىنىش ئۈچۈن كروران شەھىرىنى قوغداۋاتقان خەن سۇلالىسى سەركەردىسىنى قوبۇل قىلدى. سەركەردە:

— پات ئارىدا خەن سۇلالىسى مىرەنگە قوشۇن ئەۋەتىدۇ. خەن سۇلالىسى يېڭى

قاغاننىڭ بالدۇرراق بۇ يەردىن ۋاز كېچىپ، كرورانلىقلارنى باشلاپ مىرەن ئەتراپىغا كۆچۈرۈپ كېتىشىنى ئۈمىد قىلدۇ، — دېدى.

خەن سۇلالىسى سەركەردىسىدىن بۇ كۈتۈلمىگەن خەۋەرنى ئاڭلاپ، ۋېنتۇگېت بېشىدا دەھشەتلىك چاقماق چاقىقاندەك چۆچۈپ كەتتى، ئۇ ئۆمرىگە كېلىپ بۇنداق قاتتىق چۆچۈپ باقمىغانىدى.

كرورانلىقلار لوپنۇر كۆلى بويىدا تۇرۇۋېرىدىغانلا بولسا، ھونلارنىڭ تالان-تاراج قىلىشىدىن قۇتۇلۇشى تەس ئىدى. كرورانىنى ھونلارنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن، پەقەت خەن سۇلالىسىگىلا ئىتائەت قىلىپ، كرورانىنى جەنۇبقا كۆچۈرۈپ كەتمەكتىن باشقا ئامال يوق ئىدى. ئۇنداق قىلمىغاندا، ئەۋەتىلگەن بۇ ئازغىنا خەن سۇلالىسى قوشۇنلىرى بىلەن ئىش باشقا چىقمايتتى. مانا بۇ خەن سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىرى ئويلاپ چىققان كرورانىنى بىر تەرەپ قىلىش چارىسى ئىدى.

ۋېنتۇگېت خەن سۇلالىسىدىن مىرەندە قوشۇن تۇرغۇزۇشنى ئۈمىد قىلغان بولسىمۇ، لېكىن كرورانىنى بۇ يەرگە كۆچۈرۈشنى ھەرگىز ئويلاپ باقمىغانىدى. كروراندىقلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، لوپنۇر كۆلى بىر ئىلاھ، ئۇلارنىڭ ئەجدادى ئىدى، ئۇلار مۇشۇنىڭغا تايىنىپ ياشايتتى. لوپنۇر كۆلى، نەچچە ئون ئېقىنى بۇ يەرگە قۇيۇلۇپ تۇرىدىغان تارىم دەرياسى، يەنە كۆل ئەتراپىنى قاپلاپ تۇرغان قويۇق ئورمانلار، قومۇشلۇقلار، بۇ يەرنى يورۇتۇپ تۇرغان قۇياش نۇرى، كىشىگە ئارامبەخش ئېتىدىغان مەيىن شامال بولمىسا كروراندىقلار كروران ۋە ئۆزلىرىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرالىشىنى تەسەۋۋۇر قىلالمايتتى.

ۋېنتۇگېت يېڭى قاغان بولۇش سۈپىتى بىلەن بىرىنچى بۇيرۇقنى چۈشۈردى، قاغان ئۇرۇق-جەمەتىدىكى ئون ياشتىن ئاشقانلار ۋە دۆلەتنىڭ پېشقەدەم مۇھىم ئەمەلدارلىرىنى ئوردىغا يىغىپ، كروران دۇچ كېلىۋاتقان بۇ زور مەسىلىنى ئۇقتۇردى. بۇ كىشىلەر خەن سۇلالىسى سەركەردىسىدىن بۇ ئىشلارنى ئاللىبۇرۇنلا ئاڭلاپ بولغانىدى. ئۇلار ئەسلىدە بۇ ۋېنتۇگېتنىڭ خەن سۇلالىسى بىلەن بىرلىكتە قىلىۋاتقان ھىيلىسى دەپ ئويلىغانىدى، لېكىن ۋېنتۇگېتنىڭ چۈشەندۈرۈشىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، بۇ يېڭى قاغانغا بولغان ئۆچمەنلىكىنى بارا-بارا كۆڭلىدىن چىقىرىۋەتتى.

قاغان ئۇرۇق-جەمەتى، پېشقەدەم ئوردا ئەمەلدارلىرى بىلەن ھەر كۈنى دېگۈدەك كېڭىشىش قىلىسىمۇ، كرورانىنى لوپنۇر كۆلى بويىدىن باشقا يەرگە كۆچۈرۈپ كېتىشنى قوللايدىغان بىرمۇ ئادەم چىقمىدى. لېكىن ئىش بۇ دەرىجىگە بېرىپ يەتكەندە خەن سۇلالىسىنىڭ ئالىي بۇيرۇقىغا ئىتائەت قىلمايمۇ بولمايتتى. يا ئۆلۈم، يا كۆرۈم دەپ ئوتتۇرىغا چىقىپ، خەن سۇلالىسىنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنماي دۆلەتنى مۇنقەرز قىلىش كېرەك ئىدى، ياكى بولمىسا خەن سۇلالىسىنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنۇپ، ھېچ بولمىغاندا كرورانىنى ۋاقىتىنچە مىرەن ئەتراپىغا كۆچۈرۈش كېرەك ئىدى، مۇشۇ ئىككى يولنىڭ بىرىنى تاللىماقتىن باشقا ئامال يوق ئىدى.

قايتا-قايتا كېڭىشىش نەتىجىسىدە ئوردا ئەھلى ھازىرچە خەن سۇلالىسىنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنۇپ، كروراندىن ۋاز كېچىپ، جەنۇبقا كۆچۈپ بېرىپ يېڭى دۆلەت قۇرۇش قارارىغا كەلدى، بۇنداق قىلغاندا، خەن سۇلالىسىنىڭ ھىمايىسىدە دۆلەت كۈچىنى تولۇقلاپ، پۇرسەت بولغاندا لوپنۇر كۆلى بويىغا قايتىپ كەلگىلى بولاتتى.

پايتەختنى كۆچۈرۈش قارار قىلىنغان كۈندىن باشلاپ بىر ئايغىچە كروران شەھىرىدە ھەر كۈنى ئاخشىمى گۈلخان يېقىلىپ نەزىر-چىراغ ۋە زىياپەتلەر ئۆتكۈزۈلۈپ تۇردى. ھاياجانلانغان كىشىلەر ئۇيقۇنى ئۇنتۇدى، بوۋايلار، باللار گۈلخان يېقىلغان چوڭ-كىچىك كوچىلارنى ئايلاندى.

بۇ مەزگىلدە، ئۇلار كۆچۈپ بارىدىغان ئورۇننى ناھايىتى تېزلا بەلگىلىدى. بۇ يەر مىرەندىن ئانچە يىراق بولمىسىمۇ، لوپنۇر كۆلى بىلەن زادىلا سېلىشتۇرغىلى بولمايدىغانلا بىر كىچىك كۆلنىڭ جەنۇبىي ياقىسىدىكى بىر دالا ئىدى. يېڭى پايتەختنىڭ بۇ ئورنى بېكىتىلىشى بىلەنلا، كىشىلەر بۇ يەرنى تەبىئىي ھالدىلا «پىشامشان» دەپ ئاتاشتى. پىشامشان كروراندىقلارنىڭ تىلىدا «يېڭى سۇ» دېگەن

مەنىنى بىلدۈرەتتى. ئۇلار قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بۇ يەرنىڭ نامىنى كرورانىڭ نامى بىلەن ئاتىسا بولمايتتى، چۈنكى لوپنۇر كۆلىدىن ئايرىلسا، كروران مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايتتى، كرورانلىقلار تېخىمۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايتتى.

پايتەخت پىشامشان قىلىپ بېكىتىلدى، پۈتۈن مەملىكەت پىشامشانغا كۆچۈش قارار قىلىنغان كۈندىن باشلاپ، يىگىرمە كۈن مابەينىدە كىشىلەر كۆچۈش بىلەن ئالدىراش بولدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ قان-تەرى بىلەن گۈللەندۈرگەن بۇ دىياردىن مەڭگۈگە ئايرىلىپ كېتىشنى ئەزەلدىن ئويلاپ باقمىغانىدى، كۆز ئالدىدا بولۇۋاتقان بۇ ئىشلارغا ئۇلارنىڭ ئەقلى يەتمەيتتى. ئۇلار ئىلگىرىمۇ ئۆز ئۆيلىرىنى ئۆزگەرتىپ تۇراتتى، شۇڭا ھونلارغا تايىنىشتىن خەن سۇلالىسىنىڭ ھىمايىسىگە تايىنىپ ياشاشقا ئۆزگىرىشىمۇ ئاسانغا توختىدى. ئۇلار خەن سۇلالىسى ھونلارنى غەربىي يۇرتتىن پۈتۈنلەي قوغلاپ چىقىرىپ بولۇشتىن بۇرۇن، ھونلارنىڭ تالان-تاراج قىلىشىغا ئۇچرىماسلىق ئۈچۈن ۋاقتىنچە جەنۇبقا كۆچۈپ تۇرسا، خەن سۇلالىسىنىڭ ئەسكىرىي كۈچىنىڭ ھىمايىسىدە ئۆزلىرىنى ساقلاپ قالالايدىغانلىقىغا تولۇق ئىشىنەتتى.

كرورانلىقلار مال-دۇنيالىرىنى خەن سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ كۆزىدىن نېرى قىلىش ئۈچۈن، لوپنۇر كۆلى بويىغا كېلىپ كۆمۈپ قويىدىغان جاي ئىزدىدى، بەزىلىرى ھەتتا نەچچە چاقىرىم يىراق يەرلەرگىچە باردى. ئۇلارنىڭ قولىدىكى مال-دۇنيالىرى ئۇدۇندا سۈتتەك ئايدىڭ كېچىلىرى ئىزدەپ يۈرۈپ تاپقان قىممەت باھالىق قاشتاشلىرى، بەزىلىرى كروراندىن نەچچە چاقىرىم يىراقلىقتىكى تارىم دەرياسىنىڭ قۇرۇپ كەتكەن دەريا قىنىدىن تاپقان كەمدىن كەم چىقىدىغان ئېسىل قاشتاشلىرى، بەزىلىرى چاسا گىلەملەر، خۇرجۇنلار، بەزىلىرى جۇلالىنىپ تۇرىدىغان شايى كىيىملەر ۋە شايى كەشلەر ئىدى. بۇلاردىن باشقا يەنە ئۇلارنىڭ قولىدا ئەتىۋارلىق ھايۋانلارنىڭ مۈڭگۈزلىرى، بۇ مۈڭگۈزلەردىن ياسالغان سىپتا ھۈنەر-سەنئەت بۇيۇملىرى بار ئىدى. شۇڭا كرورانلىقلار بۇ قىممەتلىك بايلىقلىرىنى ئۆزلىرى بۇ دۆلەتكە قايتىپ كېلىشتىن بۇرۇن يات ئەلدىكىلەر بىلمەيدىغان يەرگە كۆمۈپ قويۇشى كېرەك ئىدى. قۇشلارنىڭ قۇلاقنى يارىدىغان چىرقىراشلىرى ئاڭلىنىپ تۇرسىمۇ، ئۇلار يەنىلا ئورمانلىققا ئىچكىرىلەپ كىرىپ كېتەتتى، بەزىلىرى كۆل بويىدىكى قۇرۇپ كەتكەن چوڭ دەرەخلەرگە چىقىپ كېتەتتى. ئومۇمەن ئۇلار كېچە-كۈندۈز مال-دۇنيالىرىنى كۆمۈش بىلەن بەنت بولدى.

كرورانلىقلار مال-دۇنيالىرىنىڭ كۆمۈش ئىشىنى بىر يەرگە ئاپارغاندىن كېيىن، توپ-توپ بولۇشۇپ شەھەردىن چىقىپ لوپنۇر كۆلى بويلىرى، تارىم دەرياسى، تارىم دەرياسىنىڭ تارماق ئېقىنلىرى، قومۇشلار بىلەن قاپلانغان كۆللەر، تېگى ئاپئاق كۆرۈنۈپ قالغان دەريا قىنلىرى ۋە «سۇ» بىلەن ئالاقىسى بار جايلارغا بېرىپ نەزىر-چىراغ ئۆتكۈزدى. گۈلخان ياقتى، ئۆزلىرىنىڭ دەريا ئەجدىھاسى ئىلاھىغا تاۋاپ قىلدى.

كرورانلىقلار ئاتا-بوۋىلىرىدىن تارتىپ ياشاپ ئادەتلەنگەن لوپنۇر كۆلى بويىدىكى شەھەرنى تاشلاپ ئىككى يۈز چاقىرىم يىراقلىقتىكى يېڭى پايتەختى پىشامشانغا كۆچىدىغان كۈنى كۈتۈلمىگەن مۇنداق ئىككى ئىش يۈز بەردى.

بىرى، قاغانىڭ ئۇرۇق-جەمەتى ئىچىدىكى بىر موماي ۋاپات بولدى. بۇ، ياش ۋاقتىدا ئېرى ئۆلۈپ كەتكەن، بىر ئوغلى ھونلاردا بارىمتايلىقتا تۇرۇۋاتقان بىر بەختسىز ئايال بولۇپ، كېسەل بولۇپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغىنىغا بىر نەچچە يىل بولغانىدى، كرورانلىقلار يېڭى پايتەختكە كۆچىدىغان كۈنى ئەتىگىنى ئۆز ئۆيىدە جان ئۈزدى، ئۇ قاغان جەمەتىدىن بولغاچقا، ئۇنى ئەنئەنىلىك دەپنە قىلىش كېرەك ئىدى. شۇڭا بۇ مىللەت يېڭى تارىخىي مۇساپىگە بىر كۈن كېچىكىپ قەدەم قويۇشقا مەجبۇر بولدى. ئۇلار مېيىتنىڭ بېشىغا ئۇ ئادەتتە كىيىدىغان قىزىل لېنتىلىق پوسما، ئۈچىسىغا ئاق رەختتىن ئاخىرەتلىك كىيىم كىيگۈزۈپ، سىرتىدىن قارامتۇل قوڭۇر رەخت بىلەن كېپەنلەپ مېيىت ساندۇقىغا سالدى.

جامائەت مېيىت ساندۇقىنى خارابلاشقان

شەھەردىن بىرىم چاقىرىم نېرىدىكى كىچىك بىر تاغنىڭ تۆپىسىگە ئېلىپ چىقىپ، چوڭقۇر كولانغان ئورەك ئىچىگە سالدى، ئاندىن يەنە باشقا جايدىن بىر مۇنچە تاش-توپا ئەكىلىپ كۆمدى. جامائەت بۇ يەردىن ئايرىلغۇسى كەلمەي تۇپراق بېشىدا بىر هازاغىچە تۇرۇپ قالدى. بۇ، ئېھتىمال مەرھۇمنىڭ ۋاپاتىغا قاتتىق قايغۇرۇۋاتقان ۋە لوپنۇر كۆلىنىڭ گۈزەل مەنزى-رىسىدىن مېھرىنى ئۈزەلمەيۋاتقان بولسىمۇ، بۇ يەردىن كېتىشكە مەجبۇر بولۇۋاتقانلىقىدىن بولسا كېرەك.

يەنە بىر ئىش، شۇ كۈنى كېچىسى ئەنگىنىڭ خوتۇنىمۇ ئۇ مومايغا تارتىشقاندەك ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، پىشۋا قاغانىنىڭ خانىشى ئۆلگەنىدى. ئۇنىڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغانلىقى ئېنىق ئىدى. بىر دېدەك ئۇنىڭ چىرايلىق ياسىنىپ، ئەڭ ئېسىل كىيىملىرىنى كىيىپ كارىۋىتىدا ئۇخلىغان پېتى جان ئۈزگەنلىكىنى كۆرگەنىدى. مەرھۇمەنىڭ چىرايىدا ئازراقمۇ ئازابلىنىش ئالامىتى كۆرگىلى بولمايتتى، ئاغزىدا زەھەرلىك چۆپنىڭ بىر تال يوپۇرمىقىلا تۇراتتى.

ئەنگىنىڭ خانىشنىڭ ئۆلۈمىدىن ۋېنتۇگېت قاتتىق ئازابلاندى. ۋېنتۇگېت، مەرھۇم ئاكامنىڭ بۇ ياش ھەم چىرايلىق خانىشى ئۇناپ قالسا، ئۆزۈمگە خوتۇنلۇققا ئالىمەن، دەپ ئويلاپ يۈرگەنىدى. بۇ ۋېنتۇگېتنىڭلا ئارزۇسى بولۇپ قالماي، بارلىق قاغان ئورۇق-جەمەتدىكىلەرنىڭ-مۇ، بارلىق كرورانلىقلارنىڭمۇ ئۈمىدى ئىدى. كروران دۆلىتىدىكى بارلىق خەلق بۇ ئايالنى ھۆرمەتلەيتتى. ۋېنتۇگېت بۇ ئويىنى ھېچكىمگە تىنمىغانىدى، چۈنكى قاغان ھەر كۈنى بۇنىڭدىنمۇ جىددىي بولغان پايتەختنى جەنۇبقا كۆچۈرۈش ئىشلىرىنى بىر ياقلىق قىلىش بىلەن ئالدىراش، باشقا ئىشلىرىمۇ كۆپ ئىدى. ۋېنتۇگېت پايتەختنى پىشامشانغا كۆچۈرۈپ بارغاندىن كېيىن، ئەترا-پىدىكىلەر بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ئۇلارنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالغاندىن كېيىن ئاندىن بۇ ئىشنى ئاشكارىلىماقچىدى.

خانىشنىڭ تۇيۇقسىز ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشى كرورانلىقلارنىڭ ئارىسىدا بىر مۇنچە غۇلغۇلا پەيدا قىلدى، بەزىلەر، خانىش پىشۋا قاغانىنىڭ ھەسرەت-نادامەتلىك تەقدىرىگە چىدىماي، مەرھۇم پىشۋا قاغان دەپنە قىلىنغان كروراندىن ئايرىلغۇسى كەلمەي ئۆلۈۋالدى، دېسە، بەزىلەر، تاشلىنىپ كېتىش ئالدىدا تۇرغان بۇ كرورانغا كۆزى قىماي ئۆلۈۋالدى، دېيىشەتتى. لېكىن خانىشنىڭ نېمە ئۈچۈن ئۆلۈۋالغانلىقىنى ھېچكىم توغرا دەپ بېرەلمىدى. خانىش ئۆلگەن-دىن كېيىنلا، ئۇنىڭ كروراندىن باشقا بىر يەردە ياشىيالمايدىغانلىقىنى كرورانلىقلار چوڭقۇر ھېس قىلىشتى. لوپنۇر كۆلىدىن ئايرىلغان ھالدا كرورانىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنى ئويلاش مۇمكىن بولمىغان يەردە، ياش خانىشنىڭ كروراندىن ئايرىلغان ھالدا ياشىشى ئەلۋەتتە مۇمكىن ئەمەس-تە.

ۋېنتۇگېت مومايىنى يەرلىكىدە قويۇش ئىشى تۈپەيلىدىن پىشامشانغا كۆچۈشىنى بىر كۈن كەينىگە سۈرگەنىدى، مانا ئەمدى قاغان ئاكىسىنىڭ خانىشىنىڭ ئۆلۈمى بىلەن يەنە بىر كۈن كەينىگە سۈردى. ئۈچىنچى كۈنى خانىشنى داغدۇغىلىق ھالدا يەرلىكىدە قويۇشتى. خانىشنىڭ جەسىتىنى ئىككى دېدەك چىرايلىق گۈللۈك رەخت بىلەن ئوردى، بېشىغا رومالسىمان پوسما كىيگۈزدى، ئاندىن ۋېنتۇگېت ئۇنى مېيىت ساندۇقىغا سالدى، مېيىت ساندۇقىنىڭ ئۈستىگە خەن سۇلالىسىدىن ئالغاچ كەلگەن چىرايلىق گۈل نۇسخىلىرى چۈشۈرۈلگەن بىر پارچە رەختنى يېپىپ قويدى.

خانىشنىڭ قەبرىسى مومايىنىڭ قەبرىسىدىن سەل نېرىدىكى كىچىك بىر تاغ باغرىدىن ئېلىندى. قەبرىگە لوپنۇر كۆلى بويىدىن كېسىپ كەلگەن بىر تۈپ يوغان يۇلغۇن قەبرە بەلگىسى قىلىپ تىكىلدى. قەبرىنىڭ ئالدىغا يوغان تاشلاردىن بىر گۈللۈك سالدى. ۋېنتۇگېت بىلەن جامائەتنىڭ يېقىن كەلگۈسىدە ئۆزلىرىنىڭ بۇ يەرگە قايتىپ كېلىپ خانىشنىڭ قەبرىسىنى يوقلايدىغانلىقىغا ئىشەنچىسى كامىل ئىدى.

جەنۇبقا كۆچىدىغان كۈنى تاڭ بىلەن تەڭ كرورانلىقلار شەھەر قوۋۇقى ئالدىدىكى مەيدانغا يىغىلدى. نەچچە مىڭ ئات-تۆگىگە نەرسە-كېرەكلەر ئارتىلدى. لوپنۇر كۆلىنىڭ قارشى قىرغىقىدىن قىزىرىپ ئاستا-ئاستا

كۆتۈرۈلگەن قوياش كۆل سۈيىنى ئوتقاشتەك قىزارتىۋەتتى. كرورانلىقلار بۇ يەرنىڭ دەريا ئەجدىھاسىغا تالاي قېتىم قىلىپ كېلىۋاتقان تاۋاپ ۋە ئىبادەتلىرىنى ئەڭ ئاخىرقى قېتىم قىلىپ بولغاندىن كېيىن، باشلامچى قوشۇن يولغا چىقتى.

ئادەم ۋە ئات-تۆگىلەردىن بىر تال زەنجىردەك سەپ ھاسىل بولدى. بۇ سەپنىڭ قۇيرۇقى تېخى شەھەر ئىچىدە ئىدى. ئۇلار سازلىقنى ئەگىپ ئۆتۈپ شىمالغا قاراپ ماڭدى. ئاندىن بىر نەچچە قۇرۇپ كەتكەن دەريا قىسنى بويلاپ جەنۇبقا قاراپ ئىلگىرىلىدى. باشلامچى قوشۇن قۇملۇققا كىرىپ بولغان بولسىمۇ، قوشۇننىڭ ئاخىرى تېخى شەھەر قوۋۇقىدا ئىدى.

ئەڭ ئاخىر بىر تۈركۈم قوشۇن شەھەر قوۋۇقىدىن ئايرىلىپ ئالاھازەل بىر ئاش پىشىمدىن كېيىن، تېخى ئەتىگەندىلا يولغا چىقىپ كەتكەن ئۈچ ئاتلىق ئەر كېتىۋاتقان قوشۇندىن ئايرىلىپ چىقىپ يەنە شەھەرگە قايتىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ بىرى ئۆيىنىڭ ئالدىغا كەلدى-دە، ئېتىدىن چۈشۈپ ئۆيگە كىرىپ ئۆيىنىڭ تورۇسىدىن ماگدىغان چاغدا ئۇنتۇپ قالغان قىلىچىنى ئېلىپ بېلىگە قىستۇردى، ئاندىن ئېتىغا مىنىپ ئۇچقاندەك كېتىپ قالدى.

يەنە بىرى ئېتىغا مىنگىنىچە شەھەردىن كېسىپ ئۆتۈپ، باشتا كىرگەن قوۋۇقنىڭ قارشىسىدىكى قوۋۇقتىن چىقىپ، كۆل بويىدىكى ئورمانلىققا كەلدى. ئاندىن مال-دۇنيا كۆمۈلگەن ئۆڭكۈرنىڭ ئاغزىدىكى تاشنى يۆتكىۋېتىپ، ئۆڭكۈردىن بىر چەينەكنى ئالدى. ئاندىن ئۆڭكۈرنى بۇرۇنقىدەك ئېتىپ، توپا بىلەن كۆمدى، ھېچكىم بۇ يەرگە مال-دۇنيا كۆمۈلگىنىنى بىلەلمىگۈدەك دەرىجىدە شاخ-شۇمبىلار بىلەن ياپقاندىن كېيىن ئېتىغا مىنىپ كېتىپ قالدى.

شەھەرگە قايتىپ كەلگەن ئۈچىنچى ئەر باشقا ھېچقانداق ئىش قىلماي، چوڭ-كىچىك كوچىلارنى ئاتلىق ئارىلاپ چىققاندىن كېيىن، شەھەردىن قايتىپ چىقىپ، شەھەر سېپىلىغا ئېھتىرام بىلەن بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن، ئېتىنى ئۇچقاندەك چاپتۇرغان پېتى قوشۇنغا يېتىشىۋېلىش ئۈچۈن كېتىپ قالدى.

ئىككى كۈن ئۆتكەندىن كېيىن كروران ئادەمزاتسىز بىر خارابە شەھەرگە ئايلىنىپ قالدى. ئىككى كۈندىلا تاشلىۋېتىلگىنىگە نەچچە ئون يىل بولغاندەك كونىراپ كەتكەنىدى. شەھەردىن بوران ئۇچۇپ تۇراتتى، ئۆيلەر ئۆرۈلگەن، چوڭ-كىچىك كوچىلار توپا-چاڭ، ئەخلەتلەر بىلەن تولغانىدى. يېتىكۆل شەھەر ئەسلى قىياپىتىنى يوقىتىپ بىر خارابىلىككە ئايلىنىپ قالغانىدى. بوران ئاستا-ئاستا توختىغان ئۈچىنچى كۈنى كەچتە. كرورانغا ئورۇنلىشىدىغان نەچچە يۈز خەن سۇلالىسى ئاتلىق لەشكەرلىرى قۇملۇقتىن كېسىپ ئۆتۈپ بۇ يەرگە يېتىپ كەلدى. بۇ كۈنى ئادەمزاتسىز بۇ شەھەرنى ئادەملەرنىڭ ۋاراڭ-چۇرۇڭلىرى، ئاتلارنىڭ كىشنەشلىرى بىر ئالدى. لوپنۇر كۆلىنىڭ ئۈستىنى سېرىق تۇمان قاپلىدى، كۆلدە ئاندا-مۇندا دولقۇنلار پەيدا بولدى.

## 3

كرورانلىقلار پىشامشانغا كۆچۈپ بارغان مىلادىدىن بۇرۇنقى 77-يىلدىن خەن سۇلالىسىدە ۋاڭ ماڭ قوزغىلىڭى يۈز بەرگەن مىلادىدىن بۇرۇنقى 8-يىلغىچە بولغان تەخمىنەن سەكسەن بەش يىلدا، خەن سۇلالىسى غەربىي يۇرتتا ھونلارغا قارىغاندا ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەپ كەلدى. خەن سۇلالىسى غەربىي يۇرتتا قورۇقچىبەگ تەسىس قىلدى، ھەرقايسى جايلاردا قوشۇن تۇرغۇزۇپ بوز يەر ئاچتى، غەربىي يۇرتتىكى دۆلەتلەرنى ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا بويسۇندۇردى. خەن سۇلالىسى بىلەن ھونلار ئوتتۇرىسىدا ئۇزۇن، قوشلارنى تالىشىش سەۋەبىدىن چوڭ كۆلەمدە ئۇرۇش بولغان بولسىمۇ، خەن سۇلالىسى غەربىي يۇرتتا ھونلارغا قامال قىلىش سىياسىتى قوللىنىپ پەيدىنپەي مۇۋەپپەقىيەت قازاندى.

پىشامشانغا كۆچۈپ بارغان كرورانلىقلار لوپنۇر كۆلىگە تۈپتىن ئوخشىمايدىغان، سۈيىدە ئازراقمۇ تۇز تەركىبى يوق كۆل بويىدا بوز يەر ئاچتى. ئۆزلىرى ئۈچۈن شەھەر بىنا قىلدى. كرورانلىقلار پىشامشانغا كۆچۈپ بارغاندىن

كېيىن، بىرەر قېتىممۇ ھونلارنىڭ تالان-تاراج قىلىشىغا ئۇچرىمىدى. ھونلارنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇش جەھەتتىن ئېيتقاندا، كرورانلىقلارنىڭ پىشامشانغا كۆچۈپ بارغىنى ياخشى بولغانىدى.

كرورانلىقلار كروران تۇپرىقىدىن ئايرىلغانىنىڭ ئونىنچى يىلى يەنى خەن شۈەندىنىڭ دىجيې 3-يىلى (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 67-يىلى)، بىرەر يۈزدەك كرورانلىق بىرەر يۈز تۆگىنى يېتىلەپ پىشامشاندىن چىقىپ كرورانغا ئاتلاندى. ئۇلار بۇرۇن كروران شەھىرىنىڭ ئىچى ۋە سىرتىغا كۆمۈپ قويغان مال-دۇنيالىرىنى ئەكىلىۋالماقچى بولۇشقانىدى.

بۇلارنىڭ كۆچۈش ئىككى قېتىمى ئوتتۇز ياشتىن ئاشقان ئادەملەر ئىدى، ئۇلار پىشامشانغا كۆچۈپ كەتكەن كۈندىن باشلاپ كروراننى ۋە لوپنۇر كۆلىنى بىرەر كۈنمۇ سېغىنماي قالمىدى. بەزىلىرى پىشامشانغا كۆچكەندە تېخى ئىش ئۇقمايدىغان، بەزىلىرى پىشامشانغا كۆچۈپ بارغاندىن كېيىن تۇغۇلغان بالىلار ئىدى. بۇ بالىلار تۇغۇلغاندىن كېيىن نەزىر-چىراغ دەرياسىدىكى دۇئا-تىلاۋەتلەردىن ھەر كۈنى دېگۈدەك كروران ۋە لوپنۇر كۆلىنىڭ ئىسمىنى ئاڭلاپ تۇراتتى، لېكىن لوپنۇر كۆلىنىڭ زادى قانداق كۆل ئىكەنلىكىنى ھېچقايسىسى بىلمەيتتى. ئۇ يەردىكى سۇ بىلەن قۇمنىڭ تەركىبىدە تۇز بارلىقى ئۇلارنىڭ ئۇخلاپ چۈشىگىمۇ كىرمەيتتى. ئۆزلىرىنىڭ ھامان بىر كۈنى شۇ يەرگە قايتىپ بېرىپ، ئاشۇ گۈزەل شەھەردە تۇرمۇش كەچۈرىدىغانلىقىنىلا بىلەتتى، بۇنىڭ ئۆز مىللىتىنىڭ ئىلاھى ھەل قىلىدىغان مىللىي تەقدىر ئىكەنلىكىگە تولۇق ئىشىنەتتى.

لېكىن، كرورانغا بارغان بۇ ئادەملەر پاجىئەلىك ئاقىۋەتكە قالدى. ئۇلار بېرىش يولىدىكى قۇملۇقتا ھون قوشۇنلىرىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى. ئون نەچچە ئادەم بىللە ئېلىپ بارغان تۆگىلىرى بىلەن قوشۇلۇپ ھاياتىدىن ئايرىلدى، ھايات قالغانلىرى مىڭبىر جاپا-مۇشەققەتتە باشقا بىر يول بىلەن كرورانغا ئاران قايتىپ كەلدى. كروران مۇھىم ھەربىي ئورۇنغا ئايلانغانىدى، ھەممە يەردە ھون قوشۇنلىرى ئۇچراپ تۇراتتى. خەن سۇلالىسى قوشۇنى ئىگىلەپ تۇرۇۋاتقان ھونلارغا ھازا يۈرۈشى قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتكەن قوشۇن كەينى-كەينىدىن لوپنۇر كۆلى بويىغا كېلىپ مۇشۇ يەردىن يولغا چىقىۋاتاتتى. خەن سۇلالىسى قوشۇنلىرى ئۇلارنى شەھەرگە ئەمەس، شەھەرگە يېقىنراق يەرگىمۇ يېقىن يولاتمىدى، شۇڭا ئۇلار مال-دۇنيالىرى كۆمۈلگەن يەرگە بارالمىدى.

ئۇلار قۇم بارخانلىرىنىڭ ئۈستىدىن يىراققا نەزەر سالغىنىدا ئۆزلىرىنىڭ ئىلگىرىكى پايتەختى كروران كۆرۈنۈپ تۇراتتى. جوڭلارنىڭ نەزەرىدە كروران ئەتراپىدىكى جايلار ئۇلار بۇ جايدا ياشاۋاتقان چاغدىكىدىن پۈتۈنلەي ئۆزگىرىپ كەتكەنىدى. بوران يەرگە چاپلىشىپ دېگۈدەك شىددەت بىلەن ئۇشقۇتاتتى، يەرنىڭ پەس جايلىرىدا قۇم دانىچىلىرىدىن كىچىك-كىچىك قۇيۇنلارنى ھاسىل قىلاتتى. ئۇلار بۇ ھالنى كۆرۈپ، ئون يىل بۇرۇن بۇنداق قۇم-توپىلارنى كۆرگىلى بولمايتتى، دەپ ئويلاپ قالدى. شەھەرنى ئوراپ تۇرىدىغان سان-ساناقسىز قۇم بارخانلىرىمۇ ئۆزگىرىپ، يېقىمسىز، يات تۇيۇلىدىغان بولۇپ قالغانىدى. خرۇستالدەك سۈپسۈزۈك سۇلار ئەمدىلىكتە دۇغلىشىپ كەتكەنىدى، قومۇشلارمۇ شالاڭلاپ قالغان، كۆلنىڭ قىرغىقىغا يېقىن سۇ ھەدەپ قىرغاققا ئۇرۇلۇپ شاۋقۇن چىقىرىپ تۇراتتى.

شۇ تاپتا پىشامشاندا ياشاۋاتقان ئون يىل ئىلگىرىكى كرورانلىقلار، بۇ دەريا ئەجدىھاسىنىڭ غەزىپىگە كەلگىنى، شۇڭا ئادەملىرىمىز بىرەر مال-دۇنياسىنىمۇ قېزىپ ئالالماي قۇرۇق قول قايتىپ كەلدى، دەپ ئويلاشتى.

بۇ ئىش يۈز بېرىپ يەنە ئون يىل ئۆتكەندىن كېيىن، يەتمىش ياشلاردىكى بىر مىراپ بوۋاي ئۆزى تەنھا ھالدا تۆگىگە مىنىپ پىشامشاندىن كرورانغا يولغا چىقتى. ئۇ ھېچكىمگە تىنمايلا كېتىپ قالغان بولغاچقا، كىشىلەر ئۇنىڭ ئۇشتۇمتۇت يوقاپ كەتكەنلىكىدىن قاتتىق ئەنسىرىدى. بوۋاي يولغا چىقىپ ئونىنچى كۈنى، چۈشىدىمۇ سېغىنىپ كېلىۋاتقان كروراننى مىڭ تەستە تاپتى. بوۋاي تۆگىدىن چۈشۈپ، شەھەر قوۋۇقىدىن كىرىپ ئۇدۇل شەھەر مەركىزىگە باردى. شەھەرنىڭ ئىچى چۆلدەرەپ قالغان، جۇتلۇق ھۆكۈم سۈرەتتى، بىرەر ئادەمنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى.

بوۋاي شەھەرنىڭ كۆنچىقىش قوۋۇقىدىن ئەللىك نەچچە قەدەم نېرىسىغا بارغاندا، خەن سۇلالىسىنىڭ تېخى بايىلا ئۆلتۈرۈلگەن بىر لەشكىرىنىڭ جەسىتىنى كۆردى. ئالدىغا يەنە ئەللىك قەدەمچە مېڭىۋىدى، دۈمبىسىگە ئوق يەپ دۈم ياتقان ئۈچ ھون لەشكىرىنىڭ جەسىتى ئۇچرىدى، نېرىراقتا يەنە خەن سۇلالىسى لەشكىرىنىڭ جەسەتلىرى ياتاتتى. بوۋاي شۇ ئارىدا ئۆزىدىن ئانچە يىراق بولمىغان يەردىن ئۇشتۇمتۇت جەڭ ئاتلىرىنىڭ كىشنەۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قەدىمىنى توختاتتى.

بوۋاي قايتىپ كېلىپ، شەھەر قوۋۇقىنىڭ يېنىغا باغلاپ قويغان تۆگىسىگە مىنىپ، جۇت باسقان بۇ قورقۇنچلۇق خارابە شەھەردىن دەرھال كەتتى. ئۇ توپتوغرا بىر كۈن يول ماڭدى، بوۋاي لوپنۇر كۆلىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىدىكى سازلىققا كەلگەندە تۆگىدىن چۈشتى. بۇ قېتىم ئۇ كرورانغا بېرىشتىكى مەقسىتىنىڭ بىرىگىمۇ يېتەلمىگەنىدى. مال-دۇنيالىرىنى ئەكىلىۋېلىش، ئاتا-بوۋىسىنىڭ تۇپراق بېشىنى يوقلاش، ئۆزى ئىلگىرى ياشىغان لوپنۇر كۆلىنىڭ بويىنى يېقىندىن چىققۇچە كۆرۈۋېلىش ئويى ئۇ بىر نەچچە جەسەتنى كۆرگەندىن كېيىن يادىدىن بىراقلا چىقىپ كەتكەنىدى.

بوۋاي كۆلنى ئانچە يىراق ئەمەس دەپ قىياس قىلىپ يەنە تۆگىسىگە مىنىپ يولغا چىقتى. چارەك سائەت ۋاقىت ماڭغاندىن كېيىن، لوپنۇر كۆلىگە ئوخشايدىغان بىر كۆلنىڭ بويىغا كەلدى. كۆلنىڭ قارشى قىرغىقىغا كۆز سېلىۋىدى، كۆزىگە دەسلەپتە بىر نەچچە قىزىل مۇنار كۆرۈندى، بىر مۇنار ئاسمان-پەلەك ئېگىز ئىدى. قالغان بىر نەچچە مۇنارنىڭ تاغ ئېتىكىدىن ئۇچى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بوۋاي بىر ھازاغىچە قاراپ تۇرۇپ كەتتى، بۇ مۇنارلار دۇنيادىكى نەرسىلەرگە زادىلا ئوخشىمايتتى. كۆل يۈزىدە ئۇششاق دولقۇنلار تەۋرىنىپ تۇراتتى، كۆل يۈزىدىكى جىمىرلاپ تۇرغان كۈن نۇرى، مۇنارنىڭ شولىسى گويا بىر رەڭلىك رەسىمگىلا ئوخشايتتى.

بوۋاي تۆگىسىگە مىنىپ بۇ يەردىن يولغا چىقتى. بۇ چاغدا ئۇ كروران شەھىرىدە كۆرگەنلىرى ياكى شۇ تاپتا لوپنۇر كۆلىدە كۆرۈۋاتقانلىرى بولسۇن، ئۇنىڭغا ئىلاھنىڭ قۇدرىتىدىن بولۇۋاتقان ئۆزگىرىشلەردەك تۇيۇلاتتى، بوۋاي، بۇ ئۆزگىرىشلەر دەريا ئەجدىھاسىنىڭ غەزەپلىنىشىدىن بولۇۋاتىدۇ، دەپ قارايتتى.

بوۋاي پىشامشانغا قايتىپ كەلدى، ئۆزىنىڭ نەلەرگە بارغانلىقىنى، نېمىلەرنى كۆرگەنلىكىنى ئاغزىدىن چىقارمىدى. ئۇ، كرورانلىقلار دەريا ئەجدىھاسىنىڭ غەزىپىنى بېسىش ئۈچۈن، ئانا يۇرتى كرورانغا بالدۇرراق قايتىپ بېرىشى كېرەك، دەپ ئويلايتتى.

بوۋاي كروران شەھىرىدە قان يۇراپ تۇرىدىغان مەنزىرىنى كۆرگەنىدى. خەن شۈەندى دەۋرىدە خەن سۇلالىسى غەربىي يۇرتتىكى دۆلەتلەرگە قورال كۈچى بىلەن تەسىر كۆرسەتكەن مەزگىل ئىدى. خەن شۈەندىنىڭ شېنجۆي 2-يىلى (مىلادىيدىن ئىلگىرىكى 60-يىلى) جېڭ جى غەربىي يۇرتقا قورۇقچىبەگ بولۇپ تەيىنلىنىپ كۇسەندىكى ئۇرلى شەھىرى (چېدىر)دە تۇردى، غەربىي يۇرتتىكى دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك خەن سۇلالىسىگە بېقىناتتى، خەن سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتتىكى دۆلەتلەر بىلەن بولغان بېرىش-كېلىشىمۇ كۆپەيدى، ھەر كۈنى كۆپلىگەن كارۋانلار كروراننىڭ شىمالىدىن ئۆتۈپ تۇراتتى.

مىلادى 8-يىلى، خەن سۇلالىسىدە ئىچكى مالىمانچىلىق يۈز بېرىپ، ۋاڭ ماڭ تەختنى تارتىۋالدى، شۇنىڭدىن كېيىن خەن سۇلالىسى غەربىي يۇرتتىكى دۆلەتلەرنى كەمسىتىش سىياسىتىنى قوللىنىپ، غەربىي يۇرت يەنە قالايمىقانلىشىپ كەتتى. ھونلار بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ يەنە پەيدا بولدى، دۆلەتلەر ھونلار بىلەن بىرلىشىپ بەس-بەستە غەربىي يۇرت قورۇقچىبېگىدىن يۈز ئۆرۈشكە باشلىدى.

لېكىن، پىشامشان باشتىن-ئاخىر خەن سۇلالىسىگە تايىنىش پوزىتسىيىسىدە تۇرۇپ كەلدى. ئۇلار خەن سۇلالىسىنىڭ ھىمايىسىدە ئۆزىنىڭ دۆلىتىنى گۈللەندۈرمەكچى بولدى، ھەتتا ئاتا-بوۋىسى ياشاپ كەلگەن كروراننى تاشلىۋەتتى. بۇنىڭدىن ئۇلارنىڭ خەن سۇلالىسىگە تايىنىش نىيىتىدىن يانمايدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولاتتى. ئەگەر ھونلارغا بويسۇنۇش ئويى

بولغان بولسا ئەينى چاغدا پىشامشانغا كۆچۈپ كېلەلەمتى؟ ھونلارغا بويسۇنسا، كۆچۈپ كەلگىنىنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى بولماي قالمامدۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە كرورەن دەۋرىدىكى پىشامشانلىقلارمۇ كۆپ قالمىغانىدى، شۇنداقتىمۇ ناۋادا كرورەندىن ۋاز كەچسە، پىشامشانلىقلار، بۇ ھونلاردىن مەڭگۈ ئادا-جۇدا بولۇشتىن دېرەك بېرىدۇ، دەپ قارايدىغانلىقىنى جۇشەندۈرۈپ بېرەتتى. پىشامشاندا مەيلى قانداق ئىش يۈز بەرسۇن، خەن سۇلالىسىنىڭ كۈچىگە تايانماي، ھامىنى بىر كۈنى ئانا يۇرتى كرورەنگە قايتىپ كەتمەي بولمايتتى. كرورەن دېگەن بۇ سۆز پىشامشانلىقلارنىڭ قەلبىدە «جەزمەن قايتىپ بارىدىغان ئانا يۇرت» دېگەن سۆز بىلەن مەنىداش بولۇپ قالغانىدى.

خەن سۇلالىسى ۋاڭ ماڭ توپىلىڭىنى تىنچىتقاندىن كېيىن، گۇاڭ ۋۇدى تەختكە چىقتى، لېكىن خەن سۇلالىسىنىڭ ئەمر-پەرمانلىرى يۇرۇنقىدەك ئاقمايدىغان بولۇپ قالدى. بىر مەھەل توپىلاڭ كۆتۈرۈلگەن غەربىي يۇرتنى تىنچىتىشمۇ ئاسانغا توختىمىدى، ھونلارنىڭ تالان-تاراج قىلىشى تەدرىجىي ئەۋجىگە چىقىشقا باشلىدى.

مىلادى 38-يىلى پىشامشاننىڭ ئۈچىنچى ئەۋلاد قاغانى بۇ مەزگىلدە غەربىي يۇرتتا كۈچىيىشكە باشلىغان ساكارئول دۆلىتىنىڭ قاغانى بىلەن خەن سۇلالىسىگە ئولپان تاپشۇرۇپ بەيئەت قىلىپ، خەن سۇلالىسىدىن غەربىي يۇرتتا تېخىمۇ كۆپلەپ ھەربىي قوشۇن ئەۋەتىشنى ھەمدە خەن سۇلالىسىنىڭ ئىچكى قىسمىدا يۈز بەرگەن قالايمىقانچىلىق تۈپەيلىدىن بىكار قىلىنغان غەربىي يۇرت قوروقچىبېگىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلىپ ئەلچى ئەۋەتىش توغرىسىدا مەسلىھەتلەشتى. ئەينى ۋاقىتتا، غەربىي يۇرتتىكى دۆلەتلەر ھونلارنىڭ زورلۇق - زومبۇلۇق قىلىشىغا چىداپ تۇرالمىغاچقا، ئۇلاردا خەن سۇلالىسىگە بېقىنىش ئارزۇسى بار ئىدى.

مىلادى 41-يىلى، ساكارئول دۆلىتىنىڭ قاغانى خەن سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتىپ خەن سۇلالىسىدىن غەربىي يۇرتتا قوروقچىبەگ تەسىس قىلىشنى يەنە بىر قېتىم تەلەپ قىلدى. گۇاڭ ۋۇدى ھونلار بىلەن مۇناسىۋەت قىلىشنى خالىمايدىغان بولغاچقا، بۇ تەلەپكە قوشۇلمىدى، غەربىي يۇرت قوروقچىبېگىنىڭ مۆھۈر بېغىنى ساكارئول قاغانىغا بېرىشنى قارار قىلدى. لېكىن، ئەينى ۋاقىتتىكى دۇرخان ۋالىيسى بېي زۇن قوروقچىبەگ مۆھۈر بېغىنى ئۆزلارغا بېرىشكە بولمايدىغانلىقى توغرىسىدا خەن سۇلالىسىغا ئىلتىماس سۇندى. شۇنىڭ بىلەن خەن سۇلالىسى ساكارئول قاغانىغا بىر مەھەل بەرگەن مۆھۈر بېغىنى قايتۇرۇۋالدى. بۇ ئىش ساكارئول قاغانىنىڭ خەن سۇلالىسىگە بولغان ئۆچمەنلىكىنى قوزغىدى. ئۇ خەن سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتنى ئىدارە قىلىش نىيىتىنىڭ يوقلۇقىنى بىلىپ، غەربىي يۇرتتىكى دۆلەتلەرنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئۆز ئالدىغا ئىستىپاق باشلىقى بولۇشنى كۆزلەپ، غەربىي يۇرتتىكى باشقا دۆلەتلەرگە تەدرىجىي تاجاۋۇز قىلىش يولىنى تۇتتى.

غەربىي يۇرتتىكى دۆلەتلەر ساكارئولنىڭ بۇ يولىنى قوبۇل قىلالماي، بىرلىشىپ بۇ ئەھۋالنى خەن سۇلالىسىگە دوكلات قىلماقچى بولۇشتى. بۇ چاغدا پىشامشان قاغانى كۇسەن، ئالدىنقى قوش، كىنگىت قاتارلىق ئون سەككىز دۆلەت خەن سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتىش، شاھزادىلىرىنى خەن سۇلالىسىگە بارۇمتايلىققا ئەۋەتىش، ئولپان تاپشۇرۇش، غەربىي يۇرتتىكى دۆلەتلەرنىڭ ئەھۋالىنى تەپسىلىي مەلۇم قىلىپ، گۇاڭ ۋۇدىنىڭ غەربىي يۇرتنى ئىدارە قىلىش قىزغىنلىقىنى ئاشۇرۇش توغرىسىدا كېڭەشتى. غەربىي يۇرتتىكى ئون سەككىز دۆلەتنىڭ ئەلچىلىرى خەن سۇلالىسىگە نۆۋەت بىلەن ئەھۋال تونۇشتۇرۇپ، ئۆز دۆلىتىنىڭ خەن سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولغۇسى بارلىقىنى بىلدۈرۈشتى، لېكىن گۇاڭ ۋۇدىنىڭ پوزىتسىيىسى ناھايىتى يامان بولدى، ئۇ ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئەلچىلىرىنى بىرمۇنچە سوۋغا-سالام بىلەن قايتۇردى، خەن سۇلالىسىگە بارۇمتايلىققا ئەۋەتكەن شاھزادىلەرنى قوبۇل قىلمىدى.

ساكارئولنىڭ پىشامشانغا تاجاۋۇز قىلىش ئۇرۇشى باشلىنىشى بىلەنلا، پىشامشانلىقلار ساكارئولغا قارشى كۈرەش قىلدى. پىشامشانلىقلار بۇ يەرگە كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن تۇنجى

قىسىم قىلىغا قورال ئېلىپ ئۆز دۆلىتىنى قوغدىدى، لېكىن پىشامشان ساكارئولدىن مەغلۇپ بولدى. پىشامشان ئۆزىنى ھالاكەتتىن قۇتقۇزۇپ قېلىش ئۈچۈن، خەن سۇلالىسىگە ئۈچ قېتىم ئەلچى ئەۋەتىپ غەربىي يۇرتنىڭ ئەھۋالىنى مەلۇم قىلدى. پىشامشانىڭ بېشىغا كۈن چۈشكەن مۇشۇنداق ھالقىلىق چاغدىمۇ گۇاڭ ۋۇدىنىڭ قىلچە كارى بولمىدى. ئىش بۇ دەرىجىگە يەتكەندە پىشامشان ئۆز دۆلىتىنىڭ سىياسىتىنى باشقىدىن ئويلىنىشقا مەجبۇر بولدى. پىشامشان قاغانى ئاخىر قوش بىلەن بىرلىكتە ھونلار لاگىرىدىن پاناھ ئىزدەش قارارىغا كەلدى. شۇنىڭ بىلەن پىشامشانلىقلار خەن سۇلالىسىگە بولغان غەزەپ-نەپرىتى بىلەن ھونلار لاگىرىغا پاناھلاندى. بۇ ئۇلارنىڭ ئاتا-بوۋىسى كىروراننى تاشلىۋەتكەن بىر يۈز يىگىرمە يىلدىن كېيىن يۈز بەرگەن ئىش ئىدى.

## 4

گۇاڭ ۋۇدىدىن كېيىن پادىشاھ مىڭدى تەختكە چىقتى. مىڭدى ھاكىمىيەتنىڭ ئىچكى ئىشلىرى بىلەن ئالدىراش بولۇپ كېتىپ، يات تائىپىلەرنىڭ مەسىلىسىنى بىر تەرەپ قىلىشقا چولىسى تەگمىدى. ئۇ گۇاڭ ۋۇدى دەۋرىدىكىگە ئوخشاش غەربىي يۇرتتىكى قاشقۇۋۇق، ياگگۇاڭ قوۋۇقلىرىنى مەھكەم ئېتىۋەتتى. بۇ مەزگىلدە غەربىي يۇرتتىكى دۆلەتلەر ھونلارنىڭ تەرەپ-تەرەپتە زورلۇق-زومبۇلۇق قىلىشىغا چىداپ تۇردى. پىشامشان بۇياقتا تۇرسۇن، باشقا دۆلەتلەرمۇ ھونلارغا بېقىنىپ، ھونلارنىڭ بۇلاڭ-تالاڭ قىلىشىغا لېۋىنى چىشلەپ جىم تۇرماقتىن باشقا ئامالى بولمىدى.

خەن سۇلالىسى ئۇزاق مۇددەت كارى بولماي تاشلاپ قويغان غەربىي يۇرتقا يېڭىچە نەزەر بىلەن قاراشقا باشلىدى. مىڭدى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا شىمالىي ھونلارنىڭ خەن سۇلالىسىنىڭ خېشى كارىدورىنى تالان-تاراج قىلىۋاتقانلىقىغا دىققەت قىلىپ قالدى؛ خەن سۇلالىسى خېشى كارىدورىنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن غەربىي يۇرت بىلەن بىرلە شىمىسە بولمايتتى، غەربىي يۇرت بىلەن بىرلىشىش ئۈچۈن ھونلارنىڭ تەسىر كۈچىنى بۇ يەردىن قوغلاپ چىقارمىسا تېخىمۇ بولمايتتى.

خەن سۇلالىسى يۇڭپىڭ 16-يىلى (مىلادى 73-يىلى)، ھونلارغا جازا يۈرۈشى قىلىش قارارىغا كەلدى، خەن سۇلالىسىنىڭ باش سانغۇنى دۇگۇ، گىڭ بىڭلار قوشۇن باشلاپ بور بۇلاق (جيۇچۇەن) تىن چىقىپ، قۇملۇقتىن ئۆتۈپ، شىمالغا قاراپ ئىلگىرىلەپ ھونلارغا جازا يۈرۈشى قىلدى، ھونلارنىڭ ئۇيغۇر غول (ئىۋىرغول) بازىسىنى ئىشغال قىلدى. دۇگۇ ھونلارغا جازا يۈرۈشى قىلىشنى ئاخىرلاشتۇرغاندىن كېيىن، غەربىي يۇرتتىكى دۆلەتلەر بىلەن مۇناسىۋىتىنى ياخشى ئەلچى بەنچاۋنى غەربىي يۇرتقا ئەلچىلىككە ئەۋەتتى. بەنچاۋ ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى ئوتتۇز ئالتە ئادەم قاشقۇۋۇقتىن چىقىپ، قۇملۇقتىن كېسىپ ئۆتۈپ، ئۇن ئالتە كۈن يول مېڭىپ پىشامشانغا يېتىپ كەلدى.

پىشامشان دۆلىتى ۋاڭ مالىڭ تۇپىلىگى بولۇپ ئاتمىش نەچچە يىلدىن كېيىن خەن سۇلالىسى ئەلچىسىنى يەنە كۈتۈۋالدى. پىشامشانلىقلار خەن سۇلالىسىنىڭ يۇڭپىڭلىك كۆپ ئادىمىنى تېخى تۇنجى قېتىم كۆرۈشى ئىدى. پىشامشان قاغانى بەنچاۋنى ناھايىتى قىزغىن كۈتتى، بىر نەچچە كۈن ئۇرغۇزدى. دەل مۇشۇ چاغدا ھون قوشۇنلىرى پىشامشاندىن ئوتتۇز چاقىرىم يىراقلىقتىكى جايغا كېلىپ قالغان بولغاچقا، پىشامشان قاغانى ھونلارنىڭ چىشىغا تېگىپ قويۇشتىن ئەنسىرەپ خەن سۇلالىسىنىڭ ئەلچىلىرىگە بولغان ئەمىناتىنى ئۆزگەرتىشكە مەجبۇر بولدى. ئەمىناتىنىڭ ئۇشتۇمتۇت ئۆزگەرگەنلىكىدىن بەن چاۋ ھونلارنىڭ يېقىنلاپ كەلگەنلىكىنى بىلىپ قالدى. بەن چاۋ پىشامشان قاغانىدىن ھونلارنىڭ تۇرۇشلۇق جايىنى سوراپ بىلىپ شۇ كېچىسىلا ھون قوشۇنلىرىنىڭ تۇرۇشلۇق جايىغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ ھونلارنىڭ ئەلچىسىنى ئۆلتۈرۈپ كاللىسىنى ئالدى.

پىشامشان قاغانى بەن چاۋنىڭ ھەربىي جەھەتتىكى شىجائىتىدىن قورقۇپ ئەھدىسىگە ئەمەل قىلىپ خەن سۇلالىسىگە بېقىندى. شۇنىڭدىن كېيىن بەن چاۋ يەنە غەربىي يۇرتتىكى دۆلەتلەرنى سەييارە ئارىلاپ تۇردى. ئۇنىڭ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى نەتىجىسىدە

خەن سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتىكى دۆلەتلەر بىلەن بولغان دوستلۇق مۇناسىۋىتى ئەللىك نەچچە يىلدىن كېيىن يەنە قايتىدىن تىكلەندى. شۇ چاغدا پىشامشان، ئۇدۇن، سۇلى، قوش ئالدىنقى دۆلىتى ۋە قوش كېيىنكى دۆلىتى قاتارلىق دۆلەتلەر ھونلارنىڭ زورلۇق-زومبۇلۇق ۋە تالان-تاراج قىلىشىدىن جاق تويغان بولغاچقا، ھەممىسى خەن سۇلالىسىگە بېقىنىشنى خالايتتى. شۇنىڭ بىلەن خەن سۇلالىسى غەربىي يۇرت قورۇقچىبېگىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، غەربىي يۇرتنى ئىدارە قىلىش ئىشىنى ئۇنىڭغا سالدى.

لېكىن ئارىدىن ئۈچ يىل ئۆتكەندىن كېيىن، يەنى يۇڭپىڭ 18-يىلى (مىلادى 75-يىلى) ھونلار يىگىرمە مىڭ كىشىلىك زور قوشۇن ئەۋەتىپ، غەربىي يۇرتنى قايتۇرۇۋالدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن خەن سۇلالىسى بىلەن ھونلار ئوتتۇرىسىدا بەن چاۋنىڭ بىر ئۆمرى كېتىدىغان ئۇزاق مۇددەتلىك ئۇرۇش باشلىنىپ كەتتى.

پىشامشان قاغانى ئىككى مىڭ كىشىلىك قوشۇننى باشلاپ ئانا يۇرتى كرورانغا ھۇجۇم قىلدى. بۇ دەل ھونلارنىڭ زور قوشۇنى جەنۇبقا بېرىپ خەن سۇلالىسى قوشۇنلىرى بىلەن قاتتىق ئۇرۇش قىلىش ھارپىسىدىكى ئىش ئىدى. قېنى ئۇرغۇپ تۇرغان پىشامشان قاغانى بەن چاۋنىڭ ئوتتۇز مىڭ كىشىلىك زور قوشۇنى بار سۇلغا ئورۇنلىشىپ تۇرۇپ غەربىي يۇرتنى ئىدارە قىلماقچى بولغانلىقىدىن خەۋەر تاپقاندا كاللىسىغا بىردىنلا، ھونلارنىڭ قولىدىن ئۇلار ئۇزاق مۇددەت ئىگىلىۋالغان كرورانىنى قايتۇرۇۋېلىش ئويى كەلگەنىدى. پىشامشانلىقلار ھونلارغا غەربىي يۇرتىكى باشقا دۆلەتلەردىن بەكرەك نەپرەتلىنەتتى. ھونلار كەلسىلا، پىشامشانلىقلار ئىشىكلىرىنى تاقاپ، ئۆيىدىكى گەمىلىرىگە مۆكۈۋېلىپ ھونلارنىڭ رەھىمسىزلەرچە تالان-تاراج قىلىشىغا سۈكۈت قىلاتتى. بۇنداق ئىش يىلىغا قانچە قېتىم بولۇپ تۇرىدىغانلىقىنى ئۆزلىرىمۇ بىلمەيتتى. ئۇلار ھەر يىلى ھونلارغا بىر مۇنچە ئولپان تاپشۇراتتى، پىشامشان ھونلارنىڭ ئاشۇنداق تالان-تاراج قىلىشىغا ئۇچراپ كېلىۋاتاتتى.

شۇ چاغدىكى پىشامشانلىقلارنىڭ نەزەرىدە «كروران» ئاتا-بوۋىلىرى ئارزۇ قىلىپ كېلىۋاتقان «جەزمەن قايتىپ بارىدىغان ئانا يۇرت» بولۇشتىن قالغانىدى. ئۇ ھامىنى بىر كۈنى ھونلاردىن قىساس ئالىدىغان ئۇرۇش مەيدانى ئىدى. تولۇق قوراللانغان ئىككى مىڭ كىشىلىك پىشامشان قوشۇنى تۆگە، ئاتلارغا مىنىپ، ئۇلار ئەزەلدىن بېرىپ باقمىغان لوپنۇر كۆلى بويىدىكى قەبرىستانلىققا ئاتلاندى.

بۇ قېتىمقى سەپەرنىڭ ئالدىنقى ئۈچ كۈنىدە ئادەمنى بىزار قىلىدىغان ئىسسىق شامال چىقىپ تۇرغان بولسىمۇ، بىرەر ئادەممۇ سەپتىن چۈشۈپ قالمىدى. ئۇلار كرورانغا ئوتتۇز چاقىرىم كېلىدىغان يەرگە يېتىپ كەلگەندە تۆگىلىرىنى تاشلاپ ئاتلىرىغا مىنىپ، كېچىدە كروران شەھىرى سېپىلىغا ھۇجۇم قىلدى. پىشامشانلىقلار سېپىلغا يامىشىپ چىقىپ ھونلارنىڭ تۇرار جايىغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىش جەڭ چارىسىنى قوللىنىپ، شەھەرنىڭ سىرتىدىلا جەڭنى باشلىۋەتتى.

پىشامشانلىقلارنىڭ كېچىسى ھۇجۇم قىلىپ كەلگەنلىكىنى تۇيغان ھون قوشۇنلىرى ئۇلار سېپىلغا يېقىنلاشقاندا، سېپىل ئۈستىدە تۇرۇپ ئۇلارنى زەھەرلىك ئوق ياغا تۇتتى. ئۇلارنىڭ بىر قىسىم ئادەملىرى زەھەرلىك ئوقلار بىلەن يىقىلغاندا، ھون قوشۇنلىرى ياندىن ئۇلارغا ھۇجۇم قىلدى، ئۆزىنىڭ ئاجىز كېلىپ قالىدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەن پىشامشان قاغانى قوشۇنلىرىغا چېكىنىش بۇيرۇقى بېرىشكە مەجبۇر بولدى.

پىشامشان لەشكەرلىرى تۆت-بەشتىن بولۇپ كېچىلەپ قوملۇقتىن كېسىپ ئۆتۈپ پىشامشان تەرەپكە قاراپ قاچتى. بەزىلىرى قوغلاپ كەلگەن ھونلارنىڭ قىلىچىدا ئۆلدى، بەزىلىرى قوملۇقتا ئېزىپ قېلىپ مىڭبىر تەستە پىشامشانغا ئاران يېتىپ كېلىۋالدى. ئۇلاردىن پەقەت ئۈچ يۈزگىمۇ يەتمەيدىغان ئادەم قالدى. پىشامشان قاغانىمۇ بۇنىڭ جانىنى بىكاردىن بىكار سېلىپ بەرمەكتىن باشقا نەتىجە بەرمەيدىغانلىقىنى بىلىپ، پۈتۈن ئەزايى يارىلانغان ھالدا پىشامشانغا قايتىپ كەلدى.

كرورانغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىش پاجىئەلىك مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلاشتى. لېكىن پىشامشان بۇنىڭدىن خەن سۇلالىسىگە تايانماقتىن باشقا چارە يوقلۇقىنى بىلىپ يەتتى. پادىشاھ مىڭدى

غەربىي رايوننى ئىدارە قىلىشقا باشلىغاندا، غۇز دۆلىتىنىڭ پوزىتسىيىسىنىڭ تۇراقسىز بولۇشى ئۇنى تولىمۇ تىت-تىت قىلىۋەتتى. مۇشۇ ۋەجىدىن بەن چاۋ غەربىي يۇرتتا تۇرۇپ غۇزلار بىلەن بىر ئۆمۈر ئۇرۇش قىلدى. بۇ مەزگىلدە پەقەت پىشامشانلا خەن سۇلالىسىنىڭ لاگىرىدىن مۇناسىۋىتىنى ئۈزمىدى. توغرىراقىنى ئېيتقاندا، مۇناسىۋىتىنى ئۈزىمەن دېسىمۇ ئۈزەلمىسە كېرەك.

يۇڭيۈەنىنىڭ 14-يىلى (مىلادى 102-يىلى) يېرىم ئۆمرىنى غەربىي يۇرتتا ئۇرۇش چاڭ-توزانلىرى ئىچىدە ئۆتكۈزۈپ بېشى بىر يەرگە بېرىپ قالغان بەن چاۋ لوياڭغا قايتىپ كەلدى. كېيىن غەربىي يۇرت قوروقچىبېگى قىلىپ تەيىنلەندى. لېكىن ئۇ ۋەزىپىسىنىڭ ئەھدىسىدىن چىقالمىغاچقا، غەربىي يۇرتتىكى دۆلەتلەر يەنە بىر قېتىم خەن سۇلالىسىدىن مۇناسىۋىتىنى ئۈزدى، ھونلارنىڭ كىرىپ-چىقىشىمۇ ئەدەپ كەتتى. خەن سۇلالىسى غەربىي يۇرتقا بارىدىغان يولنىڭ يىراق ھەم خەتەرلىك بولۇشى، غۇزلارنىڭ تولا ئۆزگىرىپ تۇرۇشى ۋە غەربىي يۇرتقا ئەۋەتىلىدىغان قوشۇنلارنىڭ خىراجىتىنىڭ ئېشىپ كېتىشى تۈپەيلىدىن پادىشاھ خەن ئەندى يۇڭچۇ يىلىنىڭ بىرىنچى يىلى (مىلادى 107-يىلى) غەربىي يۇرتتىن ۋاز كېچىپ، قوروقچىبېگى بىلەن دېھقان قوشۇنلىرىنى قايتۇرۇپ ئەكەتتى، قاشقوۋۇق، ياڭگۇەن قوۋۇقىنى يەنە بىر قېتىم مەھكەم ئېتىۋالدى. ئارقىدىنلا ھونلار باش كۆتۈرۈپ غەربىي يۇرتتا ھۆكۈمران سۈپىتىدە پەيدا بولدى. شۇنىڭ بىلەن كروران يەنە ھونلارنىڭ مۇھىم غەربىي بازىسى بولۇپ قالدى.

خەن ئەندىنىڭ يۈەنچۇ 6-يىلى (مىلادى 119-يىلى)، شىمالىي ھونلار غەربىي يۇرتنىڭ جەنۇبىدىكى دۆلەتلەر بىلەن بىرلىشىپ، خەن سۇلالىسىنىڭ خېشى كارىدورىغا تاجاۋۇز قىلىپ تۇردى. ئەينى ۋاقىتتا دۇرخان ۋالىيسى ساۋزۇڭ ھونلارنىڭ كەڭ كۆلەملىك تاجاۋۇزىدىن قورقۇپ، خەن سۇلالىسىگە خەت يېزىپ غەربىي يۇرتتىكى دۆلەتلەرنى تىزگىنلەش تەكلىپىنى بەردى. نەتىجىدە خەن سۇلالىسى غەربىي يۇرتتىكى دۆلەتلەرنى تىنچىتىش ئۈچۈن دورغاب سوبەنى سەركەردە قىلىپ مىڭدىن ئارتۇق ئەسكەرنى ئىۋىرغول (ئۈيغۇر غول)غا ئەۋەتتى. بۇ چاغدا، ئىلگىرى خەن سۇلالىسىگە بېقىنغان قوش ئالدىنقى دۆلىتى بىلەن پىشامشان دۆلىتى ھونلارنىڭ تالان-تاراج قىلىشىغا ئەڭ ئېغىر ئۇچرىغانىدى.

ئىككىنچى يىلى، ھونلار قوش كېيىنكى دۆلىتىنىڭ قوشۇنلىرىنى باشلاپ قوش ئالدىنقى دۆلىتىنى تەسلىم قىلىپ دورغاب سوبەنىنى ئۆلتۈردى. بۇ چاغدا پىشامشان سوبەنگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن قوشۇن باشلاپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ھونلارنىڭ تارماق قوشۇنى ئۇلارنى مەغلۇپ قىلدى.

پىشامشان قاغانى ساۋزۇڭدىن ياردەم سورىدى، ساۋزۇڭ خەن خاندانلىقىغا خەت يېزىپ، بەش مىڭ كىشىلىك قوشۇن چىقىرىپ ھونلارغا جازا يۈرۈشى قىلىشنى ئىلتىماس قىلدى. خەن خاندانلىقى بۇ ئىلتىماسقا قوشۇلمىدى.

كېيىن، خەن خاندانلىقى ئەينى ۋاقىتتا غەربىي يۇرتنى تىزگىنلەشتە چوڭ تۆھپە قوشقان بەن چاۋنىڭ ئوغلى بەن يۇڭنى چاقىرىپ ئۇنىڭ پىكرىنى ئاڭلىدى. بەن يۇڭ بۇرۇنقىغا ئوخشاش دۇرخاندا ئۈچ يۈز مىڭ كىشىلىك قوشۇن تۇرغۇزۇشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، كروراندا غەربىي يۇرت دورغابى تەسىس قىلىپ بەش يۈز كىشىلىك قوشۇن تۇرغۇزۇش تەكلىپىنى بەردى. لېكىن بۇ تەكلىپ ئەمەلىيلەشمىدى.

مىلادى 124-يىلىغا كەلگەندە، بەن يۇڭ خەن ئەندىنىڭ ئەمرى بىلەن غەربىي يۇرت دورغابلىقىغا تەيىنلىنىپ، بەش يۈز كىشىلىك قوشۇننى باشلاپ غەربىي يۇرتقا كىرىپ ئورۇنلاشتى. بۇ چاغدا پىشامشان خەن سۇلالىسى لاگىرىغا ئەڭ بۇرۇن قايتىپ كەلدى.

كېيىن، بەن يۇڭنىڭ ھەربىي ئىشلار جەھەتتىكى باتۇرلۇقى، خەن سۇلالىسىنىڭ ھەربىي ئىشلار جەھەتتىكى ھەيۋىسى بىلەن خەن سۇلالىسىنىڭ تەسىر كۈچى دائىرىسى بىر نەچچە قېتىم غەربىي يۇرتتىكى دۆلەتلەرگە كېڭەيدى، لېكىن بۇ بىر مەزگىللىك بولدى. خەن سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتنى ئىدارە قىلىش قىزغىنلىقى سوۋۇشى بىلەنلا، ھونلار

يەنە ھۇجۇمغا ئۆتتى. پىشامشان ھونلار بىلەن خەن سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا قېلىپ ھونلارنىڭ تالان-تاراج قىلىشىغا ئۇچراپ تۇردى. خەن سۇلالىسى قوشۇنلىرى غەربىي يۇرتقا كىرىشى بىلەنلا يەنە ناھايىتى تېزلا خەن سۇلالىسىگە بېقىندى. لېكىن ئۇزۇن ئۆتمەي، يەنە خەن سۇلالىسىدىن يۈز ئۆرۈشكە مەجبۇر بولدى. پىشامشان دۆلىتىنىڭ تەقدىرىدە ناھايىتى كۆپ ئۆزگىرىش بولدى، كېيىنمۇ شۇنداق بولدى.

خەن ۋۇدى دەۋرىدە تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئەتراپىدا ئوتتۇز نەچچە كىچىك دۆلەت بار ئىدى، بۇ دۆلەتلەر خەن سۇلالىسى بىلەن ھونلارنىڭ ئارىلىقىدا قالغان بولۇپ، بەزىدە خەن سۇلالىسىگە بېقىنسا، بەزىدە ھونلارغا بېقىناتتى. بۇ دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىمۇ ئۇرۇشلار بولۇپ تۇراتتى. ئۈچ پادىشاھلىق دەۋرىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە، يەنى مىلادى 280-يىللارنىڭ ئالدى-كەينىدە بۇ دۆلەتلەر تەدرىجىي ئازلاپ بىر نەچچىلا دۆلەت قالغانىدى.

پىشامشانغا چەرچەن، ئەندىرە، نىيە قاتارلىق دۆلەتلەر قوشۇلۇپ كەتتى. ئودۇنغا قورۇل، مىرەن، چۆرى، پوسكام قاتارلىق دۆلەتلەر قوشۇلۇپ كەتتى. كىنگىت، كۇسەن، سۇلى، كېيىنكى قوشقا ئوخشاش دۆلەتلەر ئۆزىگە قوشنا دۆلەتلەرنىڭ زېمىنىنى ئۆزىنىڭ زېمىنىغا ئايلاندۇرۇۋالدى. بۇ ئالتە دۆلەت خەن ۋۇدى دەۋرىگە قارىغاندا ئۆز تېررىتورىيىسىنى ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە كېڭەيتتى.

بۇ دۆلەتلەرنىڭ زېمىنى كېڭەيگەن بولسىمۇ، لېكىن ھونلارنىڭ ئىزىنى بېسىپ شىمالدا باش كۆتۈرۈپ چىققان سىيانپېيلار ۋە باشقا يات تائىپىلەر بۇ دۆلەتلەرنى ئۆزلىرىگە بېقىندۇرۇشقا داۋاملىق قەستلىدى. بۇ مەزگىلدە، بۇ دۆلەتلەر يېڭىدىن باش كۆتۈرۈپ چىققان بۇ كۈچلەرگە قارشى كۆرەش قىلىدىغانلار بىلەن مۇناسىۋەتنى ياخشىلىشى كېرەك ئىدى.

شەرقىي جىن سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى جىن مىڭدىنىڭ تەيىنىڭ 2-يىلى (مىلادى 324-يىلى) دۇرخان ئەتراپىدا كۈچ-قۇدرىتى بىلەن داڭق چىقارغان ئالدىنقى لياڭ پادىشاھلىقىنىڭ پادىشاھى جاڭ جۈن ئولۇس سەركەردە ياڭ شۈەنگە قۇملۇقتىن ئۆتۈپ پىشامشان بىلەن كۇسەنگە جازا يۈرۈشى قىلىش بۇيرۇقىنى چۈشۈردى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىككى دۆلەت جاڭ جۈنگە بېقىندى. پىشامشان قاغانى لياڭ پادىشاھلىقىغا ساھىبجاماللارنىمۇ ھەدىيە قىلدى.

شەرقىي جىن سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى شياۋۇدىنىڭ تەيۈەن 7-يىلى (مىلادى 382-يىلى)، ئالدىنقى قوش قاغانى بىلەن پىشامشان قاغانى ئالدىنقى چىن سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى فۇجيەنگە بەيئەت قىلدى. ئەينى چاغدا غەربىي يۇرتتىكى بۇ ئىككى قاغان تارتۇق قىلىنغان ئوردا كىيىمىنى كىيىپ غەربىي سارايغا كىرىپ فۇجيەنگە سالام بەردى. بۇ ئىككىلەن سەلتەنەتلىك ئوردا، دەبدەبىلىك يوسۇن-قائىدىلەردىن ھەيران قالدى. ئۇلار ھەر يىلى ئورداغا كېلىپ بەيئەت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى. فۇجيەن غەربىي يۇرتتىن بۇ يەرگە كېلىدىغان يول يىراق دېگەننى باھانە قىلىپ قوشۇلمىدى. ئۈچ يىلدا بىر قېتىم ئولپان تاپشۇرۇش، توققۇز يىلدا بىر قېتىم كېلىپ بەيئەت قىلىش تۈزۈمىنى بېكىتتى. ئۇزاق ئۆتمەي بۇ ئىككى دۆلەت فۇجيەننىڭ ئەمرىگە بىنائەن غەربىي يۇرت دورغابى لۈيگۇاڭنىڭ يول باشلاپ مېڭىشى بىلەن غەربىي يۇرتقا ھەربىي يۈرۈش قىلىپ غەربىي يۇرتتىكى دۆلەتلەر بىلەن ئۇرۇش قىلدى.

لېكىن، ئۇزاق ئۆتمەي، ئالدىنقى چىن پادىشاھلىقى شەرقىي جىن پادىشاھلىقى تەرىپىدىن مەغلۇپ بولۇپ يىمىرىپ تاشلاندى، چىن پادىشاھلىقى بىلەن جىن پادىشاھلىقى ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشنىڭ تەسىرى بىلەن غەربىي يۇرتتىمۇ غەلىيان كۆتۈرۈلدى.

بۇ چاغدا پىشامشان دۆلىتىدىكى بىر ياش سەركەردە ئۇزاقتىن بۇيان جۇڭگو ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ئىلكىدە تۇرۇپ كېلىۋاتقان كرورانغا ھۇجۇم قىلىش ئىرادىسىگە كەلدى. ئۇ بۇ مالىمانچىلىقتىن پايدىلىنىپ، ھامىنى تارمار بولىدىغان ئالدىنقى چىن پادىشاھلىقىنىڭ ئولۇس سەركەردىسى ئىگىلەپ تۇرۇۋاتقان كرورانى قايتۇرۇۋالماقچى بولدى، ئۇنىڭ نەزەرىدە، بۇ ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ شەھىرى، پىشامشان دۆلىتىنىڭ زېمىنى ئىكەنلىكىگە قىل سىغمايتتى.

ئويلىمىغان يەردىن، ئۇ بەش يۈز كىشىلىك

قوشۇننى باشلاپ، ئەلچى بولۇش سۈپىتىدە دۆرخانىغا يولغا چىقتى. دۆرخانىغا قاراپ ئۇزۇن ماڭمايلا، يېرىم يولدا كەينىگە يېنىپ كىرورانغا قاراپ ماڭدى. ياش سەركەردىدىن باشقا بەش يۈز لەشكەرنىڭ بىرەرسىمۇ ئۆزىنىڭ كىروران بىلەن قانداق ئېتنىك مۇناسىۋىتى بارلىقىنى بىلمەيتتى.

بۇ قوشۇن كېچە-كۈندۈز قوملۇقتا ماڭدى، كىرورانغا يېرىم كۈنلۈك يول قالغان كېچىسى ئېحتاپ تولۇق ئارام ئالدى. ئەتىسى ئەتىگەندە، قوشۇن كىرورانغا قاراپ يولغا چىقىدىغان چاغدا، ياش قوماندان قول ئاستىدىكىلەرگە ئەسكىرىي كۈچى ئاجىز بولغان تورغاق قوشۇنلاردىن كىروراننى تارتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى تاپشۇردى ھەمدە ئۆزلىرىنىڭ كىروران بىلەن بولغان چوڭقۇر مۇناسىۋىتىنى چۈشەندۈردى. پىشامشان لەشكەرلىرى ئادەتتە ئۆزلىرىنىڭ بۇ پەزىلەتلىك ياش قوماندانىنى ئىززەتلەيتتى، ئۇنىڭ باتۇرلۇقىغا ئاپىرىن ئوقۇيتتى، شۇڭا بىرەرسىمۇ بۇ بۇيرۇققا خىلاپلىق قىلمىدى. ئۇلار ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ شەھىرىنى قايتۇرۇۋالماقچى بولغانلىقىدىن خۇرسەن بولۇشتى ۋە بۇ پاساھەتلىك قوماندانغا ئايىنىپ ۋەزىپىنى چوقۇم ئورۇندىيالايدىغانلىقىغا تولۇق ئىشەنچ قىلدى.

بۇ كۈنى، قوشۇن يولغا چىقىشى بىلەنلا بوران چىقىپ كەتتى. كىروران قەدىمىي شەھىرىگە يېقىن قالغاندا، بوران تېخىمۇ ئەۋجىگە چىقتى. پىشامشان لەشكەرلىرى قوماندانىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە، بىر غۇلاچ ئالدىدىكى ھېچ نەرسىنى ئىلغا قىلغىلى بولمايدىغان قوملۇقتا، ئات، تۆگىلەرنى ئۈچۈرۈپ كەتكۈدەك دەرىجىدە قاتتىق چىقىۋاتقان بوراندا باتۇرلۇق بىلەن ئىلگىرىلەپ ماڭدى. بىر ئاز ماڭغاندىن كېيىن، ئۇلار قوم تۇزانلىرى ئارىسىدىن غايەت زور كۆل رەڭ شەھەر سېپىلى بىلەن شەھەر راۋىقىنى كۆردى.

ئۇلار شەھەر قوۋۇقىغا ھۇجۇم قىلىپ ئۈچ قاراۋۇلنى ئۆلتۈردى. ئارقىدىن قوشۇن بىر توپ ھەرىدەك شەھەرگە غۇيۇلداپ كىردى، جەڭ باشلىنىپ كەتتى. ئۇلار تورغاق لەشكەرلەرنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى توغرا مۆلچەرلىيەلمىگەنىدى، تورغاق لەشكەرلەر ئۇلارنىڭ مۆلچەرىدىن خېلىلا كۆپ ئىدى. ئۇلار ھۇجۇمچى قوشۇننى بىر قانچە تارماققا بۆلدى، ھەر بىر تارماق قوشۇن ناھايىتى قەيسەر ئىدى، ھەرگىز ئايرىم ھەرىكەت قىلمايتتى. جەڭ شەھەر ئىچىدىكى ھويلا-ئارام، كوچا-رەستە، راۋاق، قورغانلاردا باشلىنىپ كەتتى.

قاراڭغۇ چۈشۈشكە باشلىدى، كەچ كىرىشى بىلەنلا بورانمۇ توختىدى. پىشامشان قوشۇنلىرىنىڭ ئۈچتىن بىرى قۇربان بولغان بولسىمۇ، لېكىن تورغاق لەشكەر ئۇلاردىن نەچچە ھەسسە كۆپ چىقىم بولدى.

تاڭ يورۇغاندا كىچىك دائىرىدە جەڭ بولغاندىن كېيىن، ئۇرۇش پۈتۈنلەي ئاياغلاشتى. قالدۇق تورغاق لەشكەرلەر كېچىلەپ تەرەپ-تەرەپكە پىتىراپ كەتتى. ئەتىگەندە شەھەردە بىر دۈشمەنىنىڭمۇ قارىسى كۆرۈنمەيتتى. ھەممىلا يەردە جەسەتلەر ئۇچراپ تۇراتتى. ئۇلار تاجاۋۇزچىلار بۇرۇن ئۇلارنىڭ دۆلىتىگە كېلىپ قانداق قىلغان بولسا، ئۇلارمۇ شۇنداق قىلدى، بارلىق ئىمارەت، ئۆيلەرنى ئاختۇرۇپ ئالتۇن-كۈمۈش ۋە نەرسە-كېرەك ئىزدىدى.

ياش قوماندان بىلەن بىر نەچچە لەشكەر شەھەر راۋىقىغا چىقتى. ئۇلار ئاتا-بوۋىلىرى بۇنىڭدىن ئالتە يۈز يىل بۇرۇن گۈللەندۈرۈپ كەلگەن بۇ جاينىڭ ئەمدىلىكتە جۇتلۇق ھۆكۈم سۈرىدىغان جايغا ئايلىنىپ قالغانلىقىنى كۆردى. شەھەر سېپىلىنى چەكسىز كەتكەن قوم دېڭىزى ئوراپ تۇراتتى، سان-ساناقسىز قوم بارخانلىرى دېڭىزدىكى ئۆركەشنى ئەسلىتەتتى.

بوران ئالدىنقى كۈنىدىكىدەك قاتتىق ئەمەس ئىدى. لېكىن بوران چىقسىلا قوم دانىچىلىرىنى ئاسمانغا ئۇچۇرۇپ ئېلىپ چىقاتتى. ئۇچۇپ چىققان قوم دانىچىلىرى خۇددى نېپىز لاتىغا ئوخشاش شىمالدىن جەنۇبقا قاراپ ئۇچاتتى.

ياش قوماندان، ئاتا-بوۋىلىرىمىز يا دەريا، يا كۆل يوق بىر جايدا ياشاپتىكەن، دەپ قالدى. لېكىن ئۇ يىراققا نەزەر سالغىنىدا، شەرقىي شىمال تەرەپتە بىر پارچە قويۇق ئورمانلىق كۆرۈندى. ئۇلار ئۇ يەردە كىچىك-كىچىك كۆللەر بار بولسا كېرەك دەپ پەرەز قىلىشتى.

ئۇزاق ئۆتمەي، ياش قوماندان شەھەر ئىچىدىكى جەسەتلەرنى يىغىشتۇرۇپ قۇملۇققا ئېلىپ چىقىپ تاشلاۋاتقان بىر لەشكەردىن قويۇق ئورمانلىقنىڭ يېنىدا ئۇزۇن قىلىچقا ئوخشايدىغان بىر كۆلنىڭ يېيىلىپ ياتقانلىقىنى ئاڭلىدى. ئۇ، ئېھتىمال بۇ ئىنچىكە ئۇزۇن كۆل خېلى ئۇزاق يەرگىچە داۋاملىشىپ بىر چوڭ كۆلگە قۇيۇلۇشى مۇمكىن، دەپ ئويلىدى. ئۇ دۈشمەننىڭ ياردەمچى قوشۇنلىرىنىڭ بۇ يەرگە ھەرگىز كەلمەيدىغانلىقىنى بىلەتتى، شۇڭا قوشۇن ناھايىتى خاتىرجەم ئىدى. قويۇق ئورمانلىق ئۇ ئۇزۇن كۆلنىڭ قىلىچنىڭ ئۇچىغا ئوخشايدىغان ئۇچىنى يۇتۇۋەتكەندەك كۆرۈنەتتى. لىپمۇلىق تىنىق كۆل سۈيى تولىمۇ تېيىزدەك كۆرۈنەتتى. بۇ تېيىز كۆلنىڭ ئايىغىنى كۆرگىلى بولمايتتى، كۆل يۈزى تەدرىجىي كېڭىيىپ بارغانىدى، ئۇ يەر-بۇ يەردە توپ-توپ سۇ قۇشلىرى ئۇچراپ تۇراتتى.

پىشامشان قوشۇنلىرى شەھەرگە قايتىپ كېلىپ، شەھەردىن تېپىپ كەلگەن مەي ئىدىشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، غەلىبىنى تەبرىكلەپ بەزمە ئۆتكۈزدى. قۇياش تاغقا باش قويۇشقا باشلىغانىدى، قۇياشنىڭ ئاخىرقى جۇلالىق نۇرىدىن غەرب ئاسمىنى ئوتقاشتەك قىزىرىپ تولىمۇ گۈزەل تۈس ئالغانىدى، بۇنى پىشامشانلىقلار ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغانىدى.

بىر لەشكەر، ئولتۇرۇۋاتقان بۇ قۇياش شۇملۇقتىن دېرەك بېرىدۇ، بۇ يەردىن تېزرەك كېتەيلى، دېدى. باتۇر ياش قوماندان شۇملۇقتىن دېرەك بېرىدىغان بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئۆزىمۇ سەل شۇملۇقنى سېزىۋاتقاندەك ھېس قىلىپ قالدى. شۇنداقتىمۇ، پىشامشان قوشۇنلىرى بۇ يەردە بىر كېچە قوندى.

ئەتىسى ئەتىگەندە، پىشامشانلىقلار ئەزەلدىن ئاڭلاپ باقمىغان بىر خىل غەلىتە مۇزىكا ئاۋازىنى ئاڭلىدى. قاچانلاردىندۇر، بوران يەنە گۇركىرەپ چىقىشقا باشلىغانىدى، بۇ بوراننىڭ ئاۋازى ئەمەس، بوران ئېلىپ كەلگەن بىر خىل ئاۋاز ئىدى.

ياش قوماندان بىر لەشكەرنى راۋاققا چىقىپ قاراپ بېقىشقا بۇيرۇدى، لەشكەر راۋاققا چىقىشى بىلەنلا تۇنجى ئوق ئۇچۇپ كېلىپ ئۇنىڭ يېنىدىكى تاش پەلەمپەيگە چۈشتى. ئارقىدىنلا شەھەر ئىچىگە نۇرغۇن ئوقلار ئۇچۇپ كەلگىلى تۇردى. بۇ ئوقلار ناھايىتى يىراقتىن ئېتىلغانىدى، قايسى ئوقنىڭ قايسى تەرەپتىن ئۇچۇپ كەلگەنلىكىنى پەرق ئەتكىلى بولمايتتى، ئوقنىڭ كۆپىنچىسىنى بوران ئۇچۇرۇپ كەلگەن بولغاچقا، يەرگە توپتوزلا چۈشەتتى.

راۋاققا چىقىپ قاراپ بېقىش ئۈچۈن چىقىپ كەتكەن لەشكەر قايتىپ كېلىپ، قۇم بوران دەستىدىن ھەممە يەرنى قاراڭغۇچىلىق قاپلاپ كېتىپتۇ، ھېچنېمىنى كۆرگىلى بولمايدىكەن، دەپ مەلۇم قىلدى. ياش قوماندان راۋاققا چىقىپ قارىدى، ئۇ لەشكەرنىڭ دېگىنىدەك شەھەرنىڭ سىرتىدا ھېچ نەرسىنى كۆرەلمىدى.

تۈن پەردىسى يېپىلىشقا باشلىدى، ھەممە يەرنى قاراڭغۇلۇق قاپلىغان، بوران دەھشەتلىك ئۇشقۇراتتى. بوراننىڭ گۇركىرىگەن ئاۋازىغا قوشۇلۇپ يەنە بىر خىل ئاۋاز ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئۇ لوپنۇر كۆلىنىڭ ئۆركەشلەۋاتقان سۈيىنىڭ شاۋقۇنى ئىدى. ئەگەر ياش قوماندان كۈندۈزى يەنە غەيرەت قىلىپ داۋاملىق ئالدىغا ماڭغان بولسا لوپنۇر كۆلىنى كۆرەلىگەن بولاتتى.

ياش قوماندان راۋاقتىن چۈشتى. ئۇچۇپ كېلىۋاتقان ئوقلار تېخىمۇ كۆپەيگىلى تۇردى، ھېلىقى غەلىتە مۇزىكا ئاۋازى بارغانسېرى يېقىنلاشتى. ياش قوماندان قوشۇنلىرىنى باشلاپ دەرھال شەھەردىن چىقتى، چۈنكى دۈشمەن كۆپ، ئۇلار ئاز ئىدى، شەھەردە ئۇرۇش قىلسا، ئۇلار زىيان تارتاتتى. پىشامشان قوشۇنلىرى شەھەردىن چىقىپلا قوۋۇق يېنىدىكى تۇرارگاھنىڭ ئالدىدا ئۇلارنىڭ قارشى تەرىپىدىن شەھەرگە ئۇسۇپ كېلىۋاتقان كىيىنىشلىرى غەلىتە بىر دۈشمەن قوشۇنى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن پىشامشان قوشۇنلىرى شەھەردىن چىقىش نىيىتىدىن يېنىپ، دۈشمەننى توسۇپ زەربە بەردى. دۈشمەن لەشكەرلىرى قوللىرىدا يوغان-يوغان قىلىچلارنى ئويىنىتىپ يۈپۈرۈلۈپ كەلمەكتە ئىدى.

ئۇزۇن نەيزە تۇتقان پىشامشان قوشۇنلىرى دەرھال جەڭگە ئاتلاندى. بىر مۇنچە ئادەم گىرەلەشمە جەڭ ئىچىگە كىرىپ كەتتى، بىردەمنىڭ ئىچىدىلا چاپە-چاپ بولۇپ كەتتى. تۇساتتىن، خۇددى شارقىراتمىدىن چۈشكەندەك ئاسماندىن قۇم يېغىشقا باشلىدى، لېكىن ئىككىلا

تەرەپ قاتتىق ئېلىشىشتىن توختىمىدى. چۈشۈۋاتقان قۇم يېغىنىنىڭ دەستىدىن كۆزنى ئېچىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى، ھەتتا كىيىملەرنىڭ تىكىشلىرىدىنمۇ قۇملار كىرىپ كېتەتتى.

بوران تېخىمۇ كۈچىيىپ، قۇم يېغىپ ئەدەپ كەتتى. يەر-جاھان قاراڭغۇلۇق ئىچىدە قالدى، جەڭگە قاتنىشىۋاتقانلار بىر-بىرىنى كۆرەلمەيتتى.

ياش قوماندان بىلەن بىر نەچچە لەشكەر شەھەردىن چىقىپ بىر قەدەممۇ ماڭالمىدى. سىرتتا قۇم يېغىن شەھەر ئىچىدىكىدىنمۇ كۈچلۈك ئىدى. پىشامشان قوشۇنلىرى تەدرىجىي شەھەردىن چېكىنىپ چىقىپ، سىپىلغا يېقىنلاشتى. سېپىل تۈۋىدە يا ئالدىغا، يا كەينىگە ماڭالماي تۇرۇپ قالغان بىر مۇنچە دۈشمەنلەر تۇراتتى، ئۇلارمۇ شەھەرگە كىرەلمەي تۇرغانىكەن. بۇ يەردە بوراننىڭ دەھشەتلىك ئۇشقۇتىشى بىلەن شاۋقۇن ئاۋازىدىن باشقا، نەچچە يۈز ئات، تۆگىلەرنىڭ ئېچىنىشلىق كىشنەشلىرى، ۋارقىراشلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

بوران ئۈچ كېچە-كۈندۈز توختىماي چىقتى، ئادەم، ئات ۋە تۆگىلەرنى قۇم كۆمۈۋەتتى، شەھەر سېپىلىنىڭ يېرىمىمۇ قۇم ئاستىدا قالدى.

جەڭ دەسلەپتە مۇشۇ يەردە باشلانغانىدى، قاچانلاردىندۇر يەنە مەشەدە پۈتۈنلەي ئاياغلاشتى، كېيىنكى ئۈچ كۈندە پىشامشانلىقلار بىلەن ئىككىنچى قېتىم تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن دۈشمەنلەر بارلىق كۈچىنى قۇم بوران بىلەن ئېلىشىشقا قاراتتى.

ياش قوماندان بىر قانچە لەشكىرى بىلەن قۇم-بوران ئىچىدە قايسىلىپ قالدى. تۆتىنچى كۈنى چۈشتىن كېيىن بوران ئاستا-ئاستا توختىدى. ئاندىن ئۇلار كىروراندىن ئايرىلىپ چىقتى، يات ئەل تاجاۋۇزچىلىرىمۇ قۇم-بوراندا بىر قىسىم ئەسكىرىي كۈچىدىن ئايرىلدى، ئۇلارمۇ قۇم-بوران ئىچىدە قالغان بۇ كىچىك شەھەرنى تاشلاپ كېتىپ قېلىشتى.

پىشامشانلىقلار ئات-ئۇلاغلىرىدىن ئايرىلىپ قالغان بولغاچقا پىيادە قايتىشقا مەجبۇر بولدى. ئۇلار كىروراندىن چىققاندا، قۇملۇقتا نەچچە يۈز قۇم قۇيۇنلىرىنى كۆردى، بۇ قۇم قۇيۇنلىرى گۈگۈمغىچە داۋاملىشىپ ئاستا-ئاستا ئازلىدى.

پىشامشانلىقلار قۇملۇقتا تۆرلۈك جەبىر-جاپالار بىلەن خېلى كۈن ماڭدى. ئۇلار بىردىنلا يۇرتى پىشامشاندىكى ۋاراڭ-چۇرۇڭلارنى، يېقىن يەردىن تۇرغۇن ئاتلارنىڭ كىشنەشلىرىنى ئاڭلىغاندەك بولدى، ئارقىدىنلا يول ئۈستىدە كىچىك بىر ئورمانلىقنى كۆردى. ئۇلار بۇنىڭدىن ئۇ يەردە چوقۇم بىر نەچچە بۇلاق بار دەپ تەسەۋۋۇر قىلىپ، ئورمانلىققا قاراپ ماڭدى. ئەمما ھەر قانچە مېڭىپمۇ يېتىپ بارالمىدى، ئورمانلىق قاچانلاردىندۇر تۇرۇپلا كۆزدىن غايىب بولغانىدى.

ياش قوماندان ھايات قالغان ئۈچتىن بىر ئادىمىنى باشلاپ پىشامشانغا سالامەت قايتىپ كەلدى. ئۇلار بۇ يات ئەل تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ قايسى دۆلەتنىڭ ئادەملىرى ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي، بۇ تاجاۋۇزچىلار بىز قۇملۇقتا ئۇچراتقان باشقا نەرسىلەرگە ئوخشاش قۇملۇقتا زورلۇق-زومبىلىق قىلىۋاتقان بىر توپ ئالۋاستىلارمىكىن دەپ قالغانىدى. ياش قوماندان ئۆمرىگە كېلىپ بۇ ئالۋاستىلارنىڭ شىمالدا دەۋر سۈرۈپ يۈرگەن جورجانلارنىڭ * بىر تاجاۋۇزچى قوشۇنى ئىكەنلىكىنى بىلمىگەنىدى.

ئارىدىن ئىككى يىل ئۆتكەندىن كېيىن، پىشامشاننىڭ بۇ ياش قوماندانى لەشكەرلىرىنى باشلاپ كىرورانىنى يەنە بىر قېتىم كۆرۈپ كەلدى. كىروران شەھىرى قۇم ئاستىغا كۆمۈلۈپ كەتكەن بولۇپ، قۇم دۆۋىلىرىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان بىر قىسىم شەھەر راۋاقلىرىنىلا كۆرەلىدى.

ئۇلار ھېلىقى ئىنچىكە ئۇزۇن كۆلنى كۆرۈپ بېقىش ئۈچۈن ئورمانلىققا باردى. ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا كۆل ئەمەس، گويا ئاق لىبىنتىغا ئوخشايدىغان بىر قۇرۇغان قۇم ساي ياتاتتى. لوپنۇر كۆلىنىڭ قارىسىنىمۇ كۆرەلمىدى. كىرورانمۇ پۈتۈنلەي قۇم ئاستىغا كۆمۈلۈپ كەتكەنىدى.

شۇنىڭدىن تەخمىنەن ئاتمىش يىلدىن كېيىنكى يۈەنجيا 22-يىلى (مىلادى 445-يىلى)، پىشامشان ئەينى ۋاقىتتىكى ھۆكۈمران ۋېي سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى ۋېي تەيۇۋدىغا قارشى چىقتى، ۋېي تەيۇۋدى لياڭجۇ ئايمىقى قوشۇنلىرى-

* 4-ئەسىردىن 6-ئەسىرگىچە موڭغۇل ياي‌لاقلىرىدا ئات چاپتۇرۇپ يۈرگەن كۆچمەن چارۋىچى مىللەت.

نى پىشامشانغا جازا يۈرۈشى قىلىشقا ئەۋەتتى، پىشامشان قاغانى تەسلىم بولدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن پىشامشان ۋېي سۇلالىسىنىڭ بىر ۋىلايىتىگە ئايلىنىپ قالدى، پىشامشان بىر دۆلەت سۈپىتىدىمۇ پۈتۈنلەي مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمىدى. لوپنۇر كۆلى، كروران ۋە پىشامشانلارنىڭ نامى ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ تارىختىن ئۆچۈپ كەتتى.

## 5

شەرقىي جىن سۇلالىسىنىڭ لۇڭئەن 3-يىلى (مىلادى 399-يىلى)، دارما پاترا ئىسىملىك بىر راھىب ئون نەچچە ساۋاقدىشى بىلەن سانسكرىت تىلى، سانسكرىت يېزىقىنى ئۆگىنىش ئۈچۈن چاڭئەندىن يولغا چىقىپ ھىندىستانغا قاراپ ماڭدى. ئۇلارنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى سەپەر خاتىرىسىدە مۇنداق بىر ئابزاس خاتىرە قالدۇرۇلغان:

«قوشقوۋۇقتىن چىقىپ قۇم دەريادىن ئۆتتۇق، قۇم دەريا ئەتراپىدا قورقۇنچلۇق ئالۋاستىلار ياشايدىكەن، دائىم ئىسسىق شامال چىقىپ تۇرىدىكەن. بۇ ئىسسىق شامالغا ئۇچراپ قالغان ھەرقانداق ئادەم ھاياتىدىن ئايرىلماي قالمايدىكەن. ئاسماندا ئۇچۇپ ئۆتكەن بىرەر قۇشنى، يەر يۈزىدە بىرەر جانىۋارنى كۆرگىلى بولمايدىكەن. چېكىگە كۆز يەتمەيدىغان بۇ قۇملۇقتا قۇم دەريادىن ئۆتكىلى بولىدىغان بىرەر يولنىمۇ تاپقىلى بولمايدىكەن. سەپەر قىلغۇچىلار قۇملۇقتا كۆرۈنۈپ تۇرغان ئادەم ۋە ھايۋان ئۇستىخانلىرىنى يول بەلگىسى قىلىدىكەن.»

دارما پاترالارنىڭ كروران كۆمۈلگەن قۇملۇق ياكى لوپنۇر كۆلى بويىدىن ئۆتكەن-ئۆتمىگەنلىكى توغرىسىدا ئېنىق پاكىت بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ھىندىستانغا بېرىشىدا كروراننىڭ يېنىدىن ئۆتكەنلىكىگە قىل سىغمىسا كېرەك.

تاڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە، شۇەنزاڭ سەنزاڭ تاڭ سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى تاڭ تەيزۇڭنىڭ ئەمرى بىلەن مىڭبىر جەبىر-جاپالارنى چېكىپ بۇددا نومىنى ئېلىپ پايتەختكە قايتىپ كەلدى، قايتىش يولىدا كروراندىن ئۆتتى. «ئۇلۇغ تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى»دا مۇنداق بىر قىسقىچە خاتىرە بار:

«تۆت يۈز نەچچە چاقىرىم ماڭغاندىن كېيىن، توخارلارنىڭ قەدىمىي دۆلىتىگە يېتىپ باردۇق. بۇ دۆلەت ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان تاشلىنىپ قالغان بولۇپ، شەھەرلىرى قاغجىراپ كەتكەنىكەن. بۇ يەردىن شەرققە ئالتە يۈز نەچچە چاقىرىم مېڭىپ جالمادانا قەدىمىي دۆلىتىگە يېتىپ كەلدۇق، بۇ دۆلەت چەرچەن دەپمۇ ئاتىلىدىكەن. بۇ دۆلەتنىڭ شەھەرلىرىنىڭ ئىمارەتلىرى ئېگىز ھەم ھەيۋەتلىك ئىكەن، ئەمما ئادەمزات يوق ئىكەن. بۇ يەردىن يەنە شەرقىي شىمالغا مىڭ نەچچە چاقىرىم ماڭغاندىن كېيىن، نافوپ قەدىمىي دۆلىتىگە كەلدۇق، بۇ دۆلەت كروران دەپمۇ ئاتىلىدىكەن.»

شۇەنزاڭ سەنزاڭ قۇم دەرياسىدىن ئۆتكەندە پەقەت ئادەمزاتسىز ئىككى شەھەرنى كۆرگەن، كروران توغرۇلۇق ھېچقانداق خاتىرە قالدۇرمىغان. كروراننىڭ ئەتراپى چەكسىز كەتكەن قۇملۇق بولۇپ، شەھەر ئاللىبۇرۇن قۇمغا كۆمۈلۈپ كەتكەن. بۇ بۇنىڭدىن بىر مىڭ نەچچە يۈز يىل بۇرۇن (مىلادى 615-يىلى) بولغان ئىش.

قاتتىق ئۇيقۇدىكى كروران 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئويغىنىپ، دۇنيانىڭ تارىخ سەھنىسىگە چىقتى.

بۇ مەزگىلدە، دۇنيا خەرىتىسىدە كرورانني كۆرسەتمىدىغان جاينىڭ رەڭگى كۆپ قېتىم ئۆزگەرتىلدى. كروران ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ بىر قىسمىغا جايلاشقان، ئەمما بۇنى ھېچكىم تەكشۈرۈپ باقمىغان. ئۆسۈملۈك ۋە جانلىقلارنىڭ ئىزناسىنىمۇ ئۇچراتقىلى بولمايدىغان بۇ بىپايان قۇملۇققا ئادەمزات قەدەم بېسىپ باقمىغانىدى.

لېكىن شۋېتسىيىلىك ئېكسپېدىتسىيىچى ھېدىننىڭ مىلادى 1900-يىلدىكى تەكشۈرۈش دوكلاتىغا ئاساسلانغاندا، قۇم ئاستىغا كۆمۈلگەن قەدىمىي شەھەر كروران مىڭ يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتىن كېيىن تۇساتتىن يەر يۈزىگە كۆتۈرۈلۈپ چىقىپ قىياپىتىنى نامايان قىلغان. لېكىن بۇ يەرنىڭ كروراننىڭ يادىكارلىق ئىزى ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈرۈش ئۈچۈن، نۇرغۇن ئالىملارنىڭ كۆپ قېتىم دەلىللىشىگە توغرا كېلىدۇ. كروراننىڭ ئورنى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان كروران يېنىدىكى ئىلگىرى سۈيى لىق تۇرىدىغان ئەمما

ھازىر يۈتۈنلەي قۇرۇپ كەتكەن لوپنۇر كۆلىنىڭ سىرىنىمۇ ئېچىشقا توغرا كېلىدۇ.

20-ئەسىردىكى ئالىملارمۇ قەدىمكى دەۋردىكى كروراننىلىقلارغا ئوخشاش، لوپنۇر كۆلى بولمىسا، كروراننىمۇ بولمايدۇ، كروران بىلەن لوپنۇر كۆلىنى بىرلەشتۈرۈپ تەسەۋۋۇر قىلىش كېرەك، دەپ قارىدى. ھېدىن بايقىغان يادىكارلىق ئىز كروران بولسا، ئۇنداقتا، ئەينى ۋاقىتتا بار بولغان، ھازىرمۇ شۇ يەردە بولۇشقا تېگىشلىك لوپنۇر كۆلى زادى نەگە كەتتى؟ بىز قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، قۇملۇققا تارالغان نۇرغۇن كۆللەر ئارىسىدىن لوپنۇر كۆلىنىڭ دېرىكىنى تېپىشىمىز كېرەك. گەرچە لوپنۇر كۆلى قۇم ئاستىغا كۆمۈلۈپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ يۆتكىلىش سىرىنى ئېچىشىمىز كېرەك.

شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ يەرنىڭ كروراننىڭ يادىكارلىق ئىزى ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە لوپنۇر كۆلىنىڭ بىر مىڭ بەش يۈز يىلنى بىر دەۋر قىلىپ جەنۇب بىلەن شىمال ئوتتۇرىسىدا يۆتكىلىپ تۇرىدىغان چوڭ كۆل ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ چىقىشىمىز كېرەك. شۇندىلا لوپنۇر كۆلى يۆتكىلىپ تۇرىدىغان كۆل دېگەن ھۆكۈمنى چىقىرالايمىز. ئۇ يەرگە ئېقىپ بارىدىغان تارىم دەرياسىدىكى قۇم توپىلارنىڭ تىنىشى ۋە بورانىنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن دەريا يولىدا يۆتكىلىش بولۇپ، لوپنۇر كۆلى بىر مىڭ بەش يۈز يىلنى بىر دەۋر قىلىپ شىمالدىن جەنۇبقا، جەنۇبتىن شىمالغا يۆتكىلىپ تۇرغان.

مىلادى 1927-يىلى ھېدىن ئاتمىش ئىككى ياشقا كىرگەن چېغىدا، ناھايىتى نۇرغۇن ئالىملاردىن تەركىب تاپقان چوڭ بىر ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى تەشكىللىدى. بۇ ئۇنىڭ بۇ بىپايان غەربىي يۇرتقا قىلغان تۆتىنچى قېتىملىق سەپىرى ئىدى. بۇ ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىنىڭ رەسمىي نامى «غەربىي شىمالنى ئىلمىي تەكشۈرۈش ئۆمىكى» بولۇپ، ئۇنىڭ ئاساسلىق ئەزالىرى ئون سەككىز شۋېتسىيىلىك، گېرمانىيىلىك، ئون جۇڭگولۇقتىن تەشكىللەنگەن ئىدى، يەنە شۇ جايدىن ياللىغان شوپۇر، ئاشپەز ۋە باشقا ئادەملەرمۇ بار ئىدى.

ھېدىن تۆتىنچى قېتىملىق تەكشۈرۈشىدە كروراننىڭ يادىكارلىق ئىزىنى يەنە بىر قېتىم تەكشۈرۈپ زىيارەت قىلدى. بىر كۈنى ئۇ قۇملۇقتا 4-ئەسىرگىچە سۇ ئېقىپ تۇرغان بىر نەچچە دەريا يولىنى بويلاپ كېتىپ باراتتى. ئۇ ئەينى ۋاقىتتا كروراننىلىقلار بۇ يەردە ياشىغان چاغدا بۇ دەريالارنىڭ ھەممىسىدە سۇ بارلىقىنى، كېيىنكى ئۇزاق مەزگىلدە قۇرۇپ كەتكەنلىكىنى بايقىدى. ھازىر بۇ يەردە دەريالاردا يەنە سۇ ئېقىشقا باشلىغانىدى. كروران لوپنۇر كۆلى يۆتكىلىپ تۇرغاچقا، قۇملۇقتا كىشىلەرنىڭ يادىدىن چىقىپ كەتكەن ئادەمسىز شەھەرگە ئايلىنىپ قالغانىدى. كروران شەھىرى قۇم ئاستىغا كۆمۈلۈپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن ھازىرقى كروراننىڭ كونا ئىزىدا يەنە سۇ ئېقىشقا باشلىغان، قۇرۇپ كەتكەن بىر نەچچە دەريادىمۇ بارا-بارا سۇ پەيدا بولغان. بۇنىڭ بىلەن بەزى ئۆسۈملۈك ۋە ھايۋانلار قايتىدىن ئاپىرىدە بولۇپ سۇغا ئەگىشىپ بۇ يەرگە قايتىپ كەلگەن. يەنە قۇرۇپ كەتكەن نەچچە ئون دەريادىمۇ سۇ ئېقىشقا باشلىسا، سانسىزلىغان ھاياتلىق سۇغا ئەگىشىپ يۆتكىلىپ كېلىش ئېھتىمالى بار ئىكەن.

شۇ كۈنى، ھېدىن قۇملۇقتا يەنە ئىككى جەسەت ساندۇقىنى بايقىدى. جەسەت ساندۇقىنىڭ بىرى تۆپىلىكتە، يەنە بىرى دەريادىن خېلىلا يىراقلىقتىكى تۆپىلىكنىڭ تۈۋىدە ئىدى. ھېدىن ئۆزىنىڭ ئەسىرىدە تۆپىلىكنىڭ تۈۋىدىكى جەسەت ساندۇقىنى بايقاش جەريانىنى تەپسىلىي بايان قىلغان.

كۆزى بۇركۈتنىڭكىدەك ئۆتكۈر ئىككى كېمىچى بىر يانپايلىقنىڭ ئۈستىدىن (چۆكمىلەرنىڭ ئۇزاق مۇددەت چىرىشىدىن ھاسىل بولغان سېغىز توپا قاتمىسى) يەنە بىر قەبرىنى بايقىدى. بۇ قەبرە بۇ يانپايلىقنىڭ تۈۋىدىكى كىچىك بىر يانپايلىقنىڭ شەرق تەرىپىدە ئىدى.

چۈۋۈلۈپ كەتكەن بۇ جەسەت ساندۇقىغا چېقىلىشقا قولىمىز بارماي، بارگاھىمىزغا قايتىپ كەلدۇق. مەن ئەمدى يەنە كېمە بىلەن مېڭىشقا بولمايدىغانلىقىنى يەملەپ، ئۇلارغا 2-نومۇرلۇق قەبرىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا چېدىر تىكىشنى بۇيرۇق قىلدىم. لېكىن ئۇلار تەكشۈرۈش ئاياغلىشىشتىن بۇرۇن بىللە تۇرساق دەپ تۇرۇۋالدى، مەن ئۇلارنىڭ بۇ بولمىغۇر تەلىپىنى رەت قىلالمىدىم.

بىر قەبرىچىلىكلا كېلىدىغان بۇ يانپايلىق شەرقتىن غەربكە سوزۇلغان بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى قىرىق بىر ئىنگلىز چىسى، كەڭلىكى ئون ئىككى ئىنگلىز چىسى كېلىدىكەن، سۇ يۈزىدىن قەبرىنىڭ ئۈستىگە يىگىرمە توققۇز ئىنگلىز چىسى، ئەتراپىدىكى يەر يۈزىدىن قەبرىنىڭ ئۈستىگىچە يىگىرمە تۆت ئىنگلىز چىسى كېلىدىكەن. بۇ چوڭ يانپايلىقتىن تۆۋەنگە قارىغاندا كىچىك يانپايلىقتىكى قەبرە ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. نېمە ئۈچۈن بۇ يانپايلىقنىڭ ئۈستى بىر تۈپ گىياھمۇ ئۈنمەي قاقاس پېتى تۇرۇپ كەلگەندۇ؟ ئۈستىدە تېخى بىر تال يۇلغۇن قوزۇق بار ئىكەن. بۇ قوزۇق ئادەمنىڭ كۆزىگە بىر قىسىملا كۆرۈنەتتى.

مەن ئېغىز ئېچىپ، بۇ قوزۇقنى كولاپ ئېلىۋېتىڭلار، دەپ بولغۇچە ئۇلار كولاشقا كىرىشىپ كەتتى. بۇ يانپايلىقنىڭ تۇپىسى خىشقا ئوخشاش قېتىپ كەتكەنىدى. بىز بۇ يەردىن قۇرۇقلۇققا چىقىدىغان يەرگىچە پالتا بىلەن چېپىپ ماڭدۇق، ئاخىر قېتىپ كەتكەن بۇ تۇپىنى چېپىپ ئېلىۋەتتۇق. قەبرە چاسا شەكىلدە ئىدى. يانپايلىقنىڭ يېنىدىكى سوقما تامنىڭ ئۈستىنىڭ كەڭلىكى بىر ئىنگلىز چىسى، تۈۋىنىڭ كەڭلىكى ئىككى ئىنگلىز چىسى كېلەتتى. ئىككى ئىنگلىز چىسى ئۈچ دىيۇيىم كولانغاندا جەسەت ساندۇقىنىڭ قاپقىقى كۆرۈندى، بىز دەسلەپتە پالتا بىلەن، ئارقىدىن چوت بىلەن ئۈستىدىكى تۇپىنى كولاپ ئېلىۋەتتۇق. جەسەت ساندۇقى قاپقىقىنىڭ ئۇزۇنلۇقى بەش ئىنگلىز چىسى ئون بىر دىيۇيىم بولۇپ، ناھايىتى ياخشى ساقلانغانىدى، ساندۇقنىڭ ئىككى پارچە تاختىينى ئېلىۋەتتۇق، تاختاينىڭ ئالدى تەرىپىنىڭ كەڭلىكى بىر ئىنگلىز چىسى، سەككىز دىيۇيىم، كەينى تەرىپىنىڭ كەڭلىكى بەش ئىنگلىز چىسى بەش يېرىم دىيۇيىم ئىدى، قېلىنلىقى بىر يېرىم ئىنگلىز دىيۇيىمى كېلەتتى، جەسەت ساندۇقىنىڭ باش تەرىپى شەرقىي شىمال تەرەپكە قارىتىپ قويۇلغانىدى.

ساندۇقنىڭ ئۈستىدىكى توپا پاكىز ئېلىۋېتىلدى، لېكىن جەسەت ساندۇقى سىغىز توپىغا مەھكەم چاپلىشىپ كەتكەنىدى. شۇ تاپتا كولانغان ئورەكنى يەنە كېڭەيتىشكە مۇمكىن بولمىغاچقا، دەرھال غەربىي شىمال تەرەپتىكى سىغىز توپا تامنى پۈتۈنلەي ئېلىۋېتىشنى قارار قىلدىم. بۇنىڭغا ۋاقىت ۋە ئەمگەك كۆپ كېتەتتى. ئاخىر بىز ئەڭ ئاخىرقى توسالغۇنى ئېلىپ تاشلاپ، جەسەت ساندۇقىنى پەم بىلەن كۆتۈرۈپ ئالدۇق.

جەسەت ساندۇقىنىڭ شەكلىدە سۇ كۆپ جايلارنىڭ ئالاھىدىلىكى ساقلانغان بولۇپ، بەئەينى كېمىنىڭ بېشى بىلەن ئايىغىنى ھەرىدەپ ئېلىۋېتىپ تۆپتۈز تاختاي مىخلاپ ياسالغان ئاددىي قېيىققا ئوخشايتتى.

ساندۇق قاپقىقىنىڭ ئىككى تاختىينى يانپايلىقتىكى سىغىز توپا تامنى ئېلىۋېتىشتىن بۇرۇنلا چىقىرىۋالغانىدۇق. بىز ئەسلىدە ئۇزاق ۋاقىتلاردىن بۇيان ھېچقانداق زىيانغا ئۇچرىماي ئۇخلاپ ياتقان بىر نامسىز جەسەتنى كۆرۈشكە تۆت كۆزىمىز بىلەن تەشنا بولغانىدۇق، لېكىن بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدىكى بۇ جەسەت بىز تەسەۋۋۇر قىلغاندەك ئۇنداق ياخشى ئەمەس ئىدى. جەسەت بېشىدىن ئايىغىغىچە پۈتۈنلەي ئەدىيال بىلەن ئورىۋېتىلگەنىكەن. ئۈستىگە يېپىپ قويۇلغان نەرسە بەكلا چۈرۈك بولۇپ، سەللا تېگىپ قويسا بىراقلا ئۆۋۈلۈپ كېتەتتى. بىز جەسەتنىڭ يۈزىگە يېپىپ قويۇلغان ئەدىيالنى ئاچقىنىمىزدا، گۈزەل، چەكسىز كەتكەن قۇملۇقنىڭ ھۆكۈمرانى — كرورىن ۋە لوپنۇر كۆلىنىڭ ئايال قاغانى كۆز ئالدىمىزدا نامايان بولدى.

ياش ئايال قاغان ئۇششۇمتۇت ئۆلۈپ كەتكەن بولسا كېرەك، ئۇنى ئىززەتلەيدىغان جامائەت ئۇنىڭغا ئۆز قولى بىلەن ئاخىرەتلىك كىيىملەرنى كىيگۈزۈپ، تىنچ يانپايلىققا ئېلىپ كېلىپ قويغان ئاشۇ دەۋردىن باشلاپ، كېيىنكى ئەۋلادلار ئۇنى ئويغاتقانغا قەدەر ئىككى مىڭ يىلغا يېقىن ۋاقىت ئۇيقۇدا ياتقانىدى.

يۈزىنىڭ تېرىسى تارىشىدەك قېتىپ كېتىپتۇ، ئارىدىن ئۇزاق زامانلار ئۆتكەن بولسىمۇ، بەش ئەزايى بىلەن يۈزىنىڭ سىنى ئۆزگەرمەپتۇ. ئايال قاغان ئولتۇرۇشۇپ كەتمىگەن كۆزىنى يۇمغىنىچە تىنچ ياتاتتى، لەۋلىرىدە جىلۋىلىنىپ تۇرغان تەبەسسۇم ئارىدىن نەچچە ئەسىرلەر ئۆتكەن بولسىمۇ، ھازىرغىچە يىتمەپتۇ. ئايال قاغاندا ساقلىنىپ تۇرغان بۇ سىر ئۇنىڭغا ئادەمنى سۆيۈندۈرىدىغان سېھرىي كۈچ ئاتا قىلغانىدى.

لېكىن، ئايال قاغان بۇرۇنقى سىرلارنى

ياكى بۇ قەبرىستانلىققا ئېلىپ كېلىنىشتىن بۇرۇنقى كرورانىدىكى باياشاد، كۆكۈللۈك ھاياتنى، كۆل بويىدىكى بوستانلىقلار، كۆلدىكى كېمىلەر، كۆلدە كېمە بىلەن سەيلە-تاماشا قىلغان كۆكۈللۈك چاغلىرىغا بولغان ئەسلىمىلىرىنى ئاشكارىلايدىغانىدەك ئەمەس ئىدى.

بۇ ئايال قاغان بۇ يەردە ھونلار ۋە باشقا يات تائىپىلەرگە قارشى ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن كرورانىنىڭ سەپەرگە ئاتلانغان تورغاق قوشۇنلىرىنى، مەرگەنلەر ۋە قورال تۇتقان لەشكەرلەرنى، كرورانىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ بۇ يەردە قونغان تۈركۈم-تۈركۈم كارۋانلارنى، جۇڭگودىن كەلگەن قىممەتلىك ئېسىل يىپەك، شايىلارنى، «يىپەك يولى» ئارقىلىق غەربكە ئېلىپ مېڭىلغان سانسىزلىغان تۆگىلەرنى كۆرگەنىدۇ. ئۇ بۇلارنى ئەسلىمەي، بۇلارغا تارتىشماي قالمىغانىدۇ. ئېھتىمال، ئۇ بۇلاردىن مېھرىنى ئۈزەلمەي ئۆلۈپمۇ كەتكەنىدۇر. ئەمما بۇنداق ئىشلارنىڭ سەۋەبىنى بىلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. جەسەت ساندۇقىنىڭ ئىچىنىڭ ئۇزۇنلۇقى بەش ئىنگلىز چىسى يەتتە دىيۈيم كېلەتتى. كىشىلەر بۇ ئايال قاغانىنىڭ بويى تەخمىنەن بەش ئىنگلىز چىسى ئىككى دىيۈيم كېلىدىغان پاكىنەك ئايال ئىكەنلىكىنى بىلمىسە كېرەك.

چۈشتىن كېيىنكى قۇياش يەنىلا ئۆز نۇرىنى چېچىپ تۇراتتى. جامېس ئىككىمىز ھايال ئۆتمەيلا ئايال قاغان دەپنە قىلىنغانىدا كىيگۈزۈلگەن كىيىملىرىنى تەكشۈرۈشكە باشلىدۇق، ئۇنىڭ بېشىغا ياغلىقسىمان يوسما كىيگۈزۈلگەن بولۇپ، يوسما چۆرىسىدىن ئاددىي لېنتا بىلەن ئوراپ قويۇلغانىكەن، ئايال قاغانىنىڭ ئۈستىگە چىگىدىن توقۇلغان يوپۇق يېپىپ قويۇلۇپتۇ. ئاستىدا ئىككى پارچە سېرىق يىپەك رەخت تۇرۇپتۇ، مەيدىسىگە چاسا قىزىل گۈل كەشتىلەنگەن تاۋا يېپىپ قويۇلغان، ئىچىگە يەنە چىگە رەختتىن تىكىلگەن ئىچ كىيىم كىيگۈزۈلگەنىكەن.

بەدىنىنىڭ تۆۋەنكى قىسمىغا يوپكىغا ئوخشاپ كېتىدىغان ئەستەرلىك كىيىم كىيگۈزۈلگەن بولۇپ، سېرىق تاۋار ۋە چىگە بىلەن بىرلىشىپ كەتكەنىكەن. تېگى ئاق، كۆڭلەك بىلەن چىگە رەختتىن تىكىلگەن كوفتىمۇ بىرلىشىپ كەتكەنىكەن. بۇ كىيىملەرنىڭ ئىچىگە تېخىمۇ نېپىز كۆڭلەك ۋە تامبال، پۇتىغا يىپەك كەش كىيگۈزۈلگەنىكەن، بەلبېغى ئۇچۇق بېلىگىلا يۆگەپ قويۇلۇپتۇ.

بىز بۇ كىيىم-كېچەكلەرنى مەسىلەن، بېشىدىكى يوسمىسىنى، پۇتىدىكى كەشنى، چىرايلىق، نەپىس يۇڭ قاپچۇقنى ئەۋرىشكە قىلىپ ئېلىۋالدۇق. جەسەت ساندۇقىنىڭ خېلىلا نېرىسىدىن يەنە تۆت پۇتلۇق تاماق شىرەسى، رەڭگى قىزىل ئاياغ* ۋە قوينىڭ بىر پۈتۈن ئۇسكىلىتىنى تاپتۇق. بۇ ئېھتىمال ئەينى ۋاقىتتىكى كارۋانلارنىڭ سەپەر ئۈچۈن تەييارلىغان ئوزۇقى بولسا كېرەك.

ھېدىن كولاپ چىقارغان جەسەت ساندۇقى قەدىمكى دەۋردىكى كرورانلىقلار پايتەختىنى تاشلاپ ماڭىدىغان كۈنى ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان ھېلىقى ياش خانىشنىڭ جەسەت ساندۇقىمۇ، ئەمەسمۇ؟ بۇنىڭ تېگىگە يېتىمىز دەپ كاللا قاتۇرمىساقمۇ بولار، ئۇنىڭ ئۆلۈمى ئەسلىدىلا سىرلىق تۈس ئالغان ئەمەسمۇ. كروران قۇم ئاستىغا كۆمۈلۈپ قالغان بىر مىڭ بەش يۈز يىلدا، كروران بىلەن لوپنۇر كۆلى بىللىلا غايىب بولۇپ كەتكەن. ھازىر ئۇلارنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلغىلى بولمايدۇ. بۇنى ئېنىقلاشتا، مۇشۇ ئىككى ئالىم ئېنىقلىغان بەزى ئىشلارمۇ تولۇق ئاساس بولالمايدۇ.

لوپنۇر كۆلى ھازىر يەنە كرورانىنىڭ بۇرۇنقى جايىغا قايتىپ كەلدى. ھېدىن كرورانىنىڭ يادىكارلىق ئىزىنى بايقىغاندىن بۇيان، ھازىرغا قەدەر يېرىم ئەسىر ئۆتكەن بولسىمۇ، لېكىن لوپنۇر كۆلىنىڭ سۈيى كرورانىنىڭ قەدىمىي جايىغا قاراپ ئۈزلۈكسىز ئېقىپ ماڭغان، ھازىرمۇ مېڭىۋاتىدۇ. ئېھتىمال نەچچە ئون يىلدا ئاندىن پۈتۈنلەي ئېقىپ كېلىپ بولۇشى مۇمكىن. قىسقىسى، ھازىر تەدرىجىي ئېقىپ كېلىۋاتقانلىقى ئېنىق. بەلكىم ئىلگىرى ئۇ يەردە ياشىغان كرورانلىقلار ئېتىقاد قىلغان دەريا ئەجدىھا ئىلاھىمۇ قايتىپ كېلىشى مۇمكىن. ياق! ئېھتىمال ئۇ قايتىپ كېلىپ بولغان بولۇشىمۇ مۇمكىن.

(خەنزۇچە «چەت ئەل ئەدەبىياتى پەسىللىك ژۇرنىلى» نىڭ 1982-يىللىق 4-سانىدىن)

* ئاياغ — قەدىمكى كرورانلىقلار ئىشلەتكەن بىر خىل ياغاچ قاچا.